ئەسەرلەر گۈلىستانى

# پەزىلەت باغچىسى

(«دىۋانى ھېكمەت»)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلستانى

# پەزىلەت باغچىسى

(«دىۋانى ھېكمەت»)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئەمەت دەرۋىش

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئويناۋاتىدۇ. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «پەزىلەت باغچىسى» دېگەن كىتابتا 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن شائىر ۋە پەيلاسوپ خوجا ئەھمەد يەسسەۋى (؟ — 1160) نىڭ ھاياتى ۋە تەلىم ـ تەربىيىگە دائىر ئەسەرلىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

# دەرس ئارىلىقىدىكى دەرس

سۇنبۇلەنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ھاۋا تىنىق. ئاسماندا چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار زېمىنغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قارايتتى. شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان سامانيولى گويا تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىلەن يورۇغان توختىماس كارۋان يولىنى ھاسىل قىلغاندەك، ئاسماننى قاپ ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتكەن ئىدى. يېرىم كېچە بولۇشقا قارىماي، سەھەرنىڭ سالقىنى ھاۋانى ئېسىپ، يىراق - يېقىندىكى نەمخۇش ھاۋانى دىماغقا ئۇراتتى. پاھ، تەبىئەتنىڭ جاننى راھەتلەندۈرۈپ، ئاجايىپ زوق - لەززەت ئاتا قىلىدىغان بۇ ھىممىتى كىشىنىڭ يۈرىكىدە ئاجايىپ بىر تاتلىق سېزىم ئويغىتاتتى. ئەھمەد ئەلەم ئېگىز ئۆگزىدە ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئەتراپقا قارىدى. شەھەر ئىچىدە چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلاردىن ھۆسن تالاشقاندەك جىمىرلاپ تۇراتتى. شەھەر گويا شاھمات تاختىسىغا تىزىلغان ئېگىز - پەس ئۇرۇقلاردەك بەھەيۋەت بىنالار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئەھمەد ئەلەم شەرقتىن ئەسكەن سوغۇق شامالغا كۆكسىنى توغرىلاپ ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇردى. ئۇنىڭ جىسمى سۈكۈتتە تۇرغىنى بىلەن بۇ ئەزىزانە شەھەرنىڭ نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى ھالىتىنى خۇددى كىنو ئېكرانىدەك بىر - بىرلەپ قەلب كۆزىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بىر ۋاقىتلاردا يىپەك

يولىنىڭ تۈگۈنى دەپ ئاتالغان بۇ شەھەر بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت، خارەزم، ئىراق، ئىران تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر، شەرقتىكى جاباغان، لوياڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شۇنداقلا غەربتە بابىلون، رىم، ھىندى دىيارلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم ئۇچرىشىش ماكانى بولۇپ، ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان؛ بۇددىزم، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، مەدەنىيەتتە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە شاھىد بولغان؛ كۇمراجىۋا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسسەۋىگە ئوخشاش ھېكمەت ئالىملىرىنى تەبىئەت، ئالەم، ھايات توغرىسىدىكى ھېكمەتلىرىنى ئۆزئارا چېقىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇچقۇن چاچراتقان؛ مەدرىسە ـ خانىقالاردا ئالىم ـ ئۆلىمالار ھايات سىرلىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئىلمىي يەكۈنلەرنى چىقىرىپ، كىشىلەرنى ھاياتلىققا چاقىرىق قىلىشقان ئىلمىي سۆھبەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتتى. نادىر ھېكمەتلىرى بىلەن ئەلنى ئىتتىپاقلىششقا، ئىجىل، ئىناق ئۆتۈشكە، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقۇپ، مېھنەت بىلەن ئۆمرىگە ھەممەتتىن مەنە بېرىشكە رىغبەت بەرگەن؛ يۇرتنىڭ سەركەردىلىرى دەپ ئاتالغان قازى، مۇپتى، ئىماملارنى ئىنساپ، ئادالەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يۇرتقا رەھنەما بولۇشقا چاقىرغان؛ ئۆمرىنى بىمىننەت، خالىسلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلاپ، ئەلنىڭ قەلبىدە سۇلتانۇل ئارىپىن شەيخ دەپ ئاتالغان، ئەل كۆيەر، يۇرت سۆيەر، ئىلىم خۇمار ئەھمەد يەسسەۋىدەك پازىل ئۆلىمالارنى ئەسلەپ ئۆتتى. مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ئەلەمنىڭ

قەلبىدە ئۆزى تۇيمىغان بىر ھالەتتە ئەھمەد يەسسەۋىگە بولغان بىر خىل ھۆرمەتنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەگەر ئالىم بولساڭ، جانىم تەسەددۇق،
قېنى ئالىم، قېنى ئالىم، يارانلار؟

چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلىدىن كەچكەن يەسسەۋىنىڭ بۇ ئىككى مىسراسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىردىكى ئالىملارغا بولغان ھۆرمەت، ئالىملارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا بولغان ئۇلۇغ ئىستەك، ئالىملارغا بولغان سۆيۈنۈش ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدىغا كۆچۈۋاتقاندەك بولدى.
ئەھمەد ئەلەمنىڭ تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىدىن چىقارغان يەكۈنچە مۇكەممەل تەپەككۇر ھېچقاچان تەبىقىلەرگە بۆلۈنمەيتتى. ئۇ مەيلى دۇنياۋى ۋە مەيلى مەھەللىۋى، مەيلى ھاسىلات ۋە مەيلى پەلەكىيات تۇيغۇلىرى ھەققىدە بولمىسۇن ھامان ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭغا باھا بېرىش، ئۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىش بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنىپ قالسا، مۇكەممەل تەپەككۇر لاتقىلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ، نۇرانە پىكىرلەر زامان ئەھلىنىڭ نەزىرى ۋە مەنپەئىتىدىن يىراقتا قالىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ تونۇگۈندىن بېرى ئوقۇغان كىتابلاردا قەيت قىلىنغان پىكىرلەردىن چىقارغان يەكۈنى ئىدى. دېمىسىمۇ ئەھمەد يەسسەۋىدەك زامان ئەللامەلىرىنىڭ تۇرمۇش، ھايات، كىشىلىك ھەققىدىكى تېرەن پىكىرلىرى ھەرقايسى زامانلاردا ئوخشىمىغان كىشىلەردە ئوخشىمىغان تەسىرات پەيدا قىلىپ، بەزىدە سېھىرلىك

قىسمەتلەرگە مەھكۇم بولسا، بەزىدە دەۋرنىڭ ھەقىقەت نۇرلىرىغا قوشۇلۇپ، جاھالەت باسقان قەلبلەرنى نۇرانە قەسىرلەرگە ئايلاندۇرغان ئىدى.

ئەھمەد ئەلەم يىراق ئۇپۇققا نەزىرىنى ئاغدۇردى. يىراقتا بىر يۇلتۇز ئاقۇچ ئىز قالدۇرۇپ ھاۋانى يېرىپ پەسكە شۇڭغۇدى.

— ئادەملەرنىڭمۇ ھاياتى ئەنە شۇنداق، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولىدۇ. غايىبلىق ئىچىدىن مەۋجۇتلۇقنى ئىزدەش ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچسە ئىدى، ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇ دۇنيا ۋە ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتى.

ئەھمەد ئەلەم ئۆگزىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا خىيال سۈردى. تۈن بىلەن كۈننىڭ ئالمىشىشىدىكى بۇنداق تىنچ ۋە خىرامان پەيت ھادىسات بىلەن پەلەكىيات سىرلىرى توگۇننىڭ يىپ ئۇچىنى ئىزدەيدىغان ئەڭ مۇھىم پەيت بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئۆزلۈكنى ئىزدەۋاتقان تەپەككۇر ئىگىسى بۇ ۋاقىتنى ئەۋزەل بىلەتتى. چۈنكى، بۇ ۋاقىت ۋۇجۇدۇڭ بىلەن روھىيىتىڭ بىرلەشكەن، بىزارلىق ئارامىلىققا ئورۇن بەرگەن، تۇيغۇ ئوبرازغا ئۆزگىرىپ، ئوبراز تەپەككۇر يولىغا كىرگەن، تەپەككۇر ھادىساتتىن مەنتىق خۇلاسىگە ئېرىشىپ، ئۇنى ئەقىلگە بىلدۈرۈۋاتقان بەكمۇ زىل ۋە مۇھىم ۋاقىت. تۈن بىلەن كۈننى تۇتاشتۇرىدىغان، ئوبراز ئۆز پائالىيىتىدىن مەنتىق خۇلاسىگە ئىگە بولىدىغان بۇنداق پەيت ئاگاھ قەلبنى ھەمىشە تەپەككۇرغا ئۈندەيدۇ. ئەھمەد ئەلەم ئۈچۈن بۇنداق پەيت بەكمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق پەيتنى چىڭ تۇتۇشنى ھاياتىدىكى مۇھىم ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇ ئاسماندىكى ئاقار يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئەتراپقا

www.uyghurkitap.com

قاردى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز بوشاپ قالغاندەك بولدى ـ دە، پەلەمپەي رىشاتكىسىنى تۇتۇپ ئاۋايلاپ ھويلىغا چۈشتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكتىن سالقىنغا قوشۇلۇپ قەشقەر ئەتىرىنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، پېشايۋان ياقىلاپ تارتىلغان تال بېدىشلىرى ئاستىدا ھويلىنى ئىككى قېتىم ئايلاندى. خىيال دۇنياسىدا روھىيەت ئالىمىنىڭ يىرىك تەتقىقاتچىسى ئەھمەد يەسسەۋى دۇنيا قارىشى ھەققىدە تارىخچىلار، مەنتىقشۇناسلارنىڭ تۈرلۈك قاراشلىرى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىشقا تىرىشاتتى. ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ تېخى ھېچكىم تەرىپىدىن دادىل ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ئىنساننى باشقا مەۋجۇداتتىن كەسكىن ئايرىپ تۇرغۇچى بىردىنبىر بەلگىنىڭ نەپس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەقلىي يەكۈنى ئۇستىدە مۇتالىئە قىلاتتى.

— دېمەك، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئىنساننى باشقا مەۋجۇداتتىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ھايۋاندىن كەسكىن ئايرىپ تۇرغۇچى نەپس بولسا، ئادەمنى باشقا مەۋجۇدات قاتارىغا قوشۇۋېتىدىغانمۇ يەنىلا شۇ نەپس ئىكەن ـ دە! — ئۇ تېخى تۈنۈگۈن نەۋائىي ھەزرەتنىڭ:

ئەركىن ئولدۇر سەد ئېتىپ نەپسانىيەت،
غالىب ئولسە ئۆمرىگە روھانىيەت.

دېگەن بېيىتىنى مۇتالىئە قىلغان ئىدى. نەۋائىي: ئۆز نەپسىنى يەڭگەن ۋە ھاياتىدا روھىي، مەنىۋى جەھەتتىن غالىب ئادەم بۇ دۇنيادا ئەركىن، مۇستەقىل ئادەمدۇر، دېگەن ئىدىيىنى

دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. مانا بۇ ئەھمەد يەسسەۋى دۇنيا قارىشىنىڭ ئۇلى ئىدى. بۇ دۇنيا قاراش ئېتىقاد، مىللىيەت تەۋەلىكىدىن قەتئىينەزەر ھەربىر ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ھاياتلىق نىزامى، ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئەبەدىيلىك ياشاش شوئارىغا ئايلانغان بولۇپ، تاكى 15 - ئەسىرگىچىمۇ قىممىتىنى يوقاتماي قەلەم ساھىبلىرىنىڭ دىل ئويغاتقۇچى نازۇك تۇيغۇلىرىنىڭ ئاساسىنى يارىتىشقا رىغبەت بەرگەن. بۇ قاراش ھازىرغىچىمۇ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. بۇنى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى قەرز ۋە پەرز دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ ئەلەمنىڭ ئوغلى ئەزىمەت بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى «يەسسەۋى ھېكمەتلىرى» نى قولىدىن چۈشۈرمەي، ئىخلاس بىلەن ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ كىتابتىكى مەنىلەرنىڭ بەكمۇ چوڭقۇرلۇقىنى، بىر - ئىككى قېتىم ئوقۇپ قويغان بىلەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېرىسمەنلىك بىلەن كىتابقا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى بېيىتلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشتىن توختىمىغان ئىدى. ئەلەم ئوغلىنىڭ بۇ قىزىقىشىنى توسماي، كىتابتىكى مەنىلەرنى ئەقىل كۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشنى لايىق تاپتى - دە، كۇتۇپخانا تەرەپكە ماڭدى.

ئەلەم كۇتۇپخانىغا كىرگەندە ئەزىمەت چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى. ئەلەم ئوغلىنىڭ كېچىچە كىرپىك قاقماي كىتاب ئوقۇغانلىقىدىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا ھارغىنلىق يەتكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمانداق ھېچبىر تىۋىشسىزلا كىرىۋالدىڭ؟ ئاخشام

www.uyghurkitap.com

ھۆجراڭغا چىقىپ كەتكەنتىڭغۇ؟ ـــ سورىدى ئەلەم تەئەججۈپ بىلەن.

ـــ چىقىپ كېتىشنىغۇ چىقىپ كەتكەن. بىراق، مۇشۇ كىتاب مېنى يەنىلا ئۆخلاتمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ...

ـــ ھە، پەنەرنىڭ شېشىسىگىمۇ قالپاق كىيگۈزۈپ، بىمالال ئولتۇردۇم دېگىنە؟!

ـــ سىلىنى يەنە خاپا بولمىسۇن دەپ، شۇ!

ئەزىمەت ئورنىدىن تۇرغانچە دادىسىغا قاراپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

ـــ كىتابنى ئوقۇغىنىڭغۇ ئوبدان. بىراق، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشىڭ ئىنتايىن مۇھىم.

ـــ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ مەنىسىگە قانداقمۇ يەتكىلى بولماي قالسۇن؟ يەسسەۋى ھەزرىتىم ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئەرەبىي ۋە پارسگۇي شائىرلارنىڭ «تۈركىي تىل بىلەن لەتىپ ۋە نازۇك مەنىلىك بېيىت ئېيتقىلى بولمايدۇ» دېگەن قاراشلىرىغا قاتتىق رەددىيە نۇقتىسىدا ئانا تىل بىلەن ئاجايىپ پاساھەتلىك بېيىتلارنى ئىجاد قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلب قەسرىدىن ئورۇن ئالغان بۈيۈك زات ئىكەن. بۇ زات تېرەن پىكىرلىرى بىلەن جاھالەت پاتقىقىدا ئىڭراۋاتقان جانلارغا ھاياتلىق بەخش ئەتكەن بولسا، ئانا تىلىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئالەمشۇمۇل قىممىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوغدىغان باتۇر كىشى ئىكەن. مەھمۇد قەشقەرى بوۋىمىز ئەرەب تىلى بىلەن ئانا تىلىنىڭ ئات بېشى باراۋەردە كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن

ئىسپاتلاپ چىققان بولسا، يەسسەۋى ھەزرىتىم ئانا تىلىنىڭ شۆھرىتىنى، تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي رولىنى ئەمەلىي پائالىيەتلىرى بىلەن ئىسپاتلىغان ئىكەن.

— شۇنداق، ئەھمەت يەسسەۋىنىڭ شېئىرىي تىلى جانلىق خەلق تىلىدۇر. ئەينى دەۋرلەردە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىغان. ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا ئۇرۇنغانلىرىمۇ ئەرەب، پارس ئىبارىلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىشتىن خالىي بولالمىغان. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىستېمالىدىكى جانلىق تىلدىن زور دەرىجىدە چەتنىگەن، شالغۇتلاشقان بىر يازما ئەدەبىيات تىلىنى جارى قىلدۇرغان شارائىتتا، شائىرنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا مۇراجىئەت قىلىشى، ئۆز (شېئىرىي) تىلىنى ئانا تىلىنىڭ كەڭ ئىمكانىيەتلىك ئاساسىغا قۇرۇشى مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆزلۈكىنى تېپىش بولغان ئىدى. ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ شېئىرىي تىل يارىتىشتىكى بۇ خىل پوزىتسىيىسى ۋە پرىنسىپىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ۋە پرىنسىپى بۈگۈنكى كۈندىمۇ چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ لۇغەتسىز ۋە ئىزاھاتسىز ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ.

پروفېسسور ي. ئە بېرتىلس: «خوجا ئەھمەد تۈرك تىللىرىدا يازغان ۋە ئىجاد قىلغان. چۈنكى ئۇ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن ساراي دائىرىلىرىگە ئەمەس، بەلكى خەلققە مۇراجىئەت قىلغان» دەپ يازغان ئىدى. (نىجات مۇخلىس. «بۇلاق» ئومۇمىي 14 ـ سان). بۇ زات ئەمرۇمەرۇپ، پەندى ـ نەسىھەت بىلەن يامان كىشى ياخشىغا

ئايلانسا، دۇنيادا هارامغا ئۆگەنگەن، ئوغرى، كاززاپ، زىناخور، ئاچ كۆزلەر تۇگەيدۇ. «تامچە تاشنى تېشەر» دېگەن گەپ بار. هەربىر نەسىھەتىمىز مىڭ قۇلاقنىڭ بىردە توختاپ قېلىپ، كۆڭۈلنى كۆرسىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ قاراپ، ئانا تىل بىلەن ۋەز ئېيتىپ، مىليون دىلنى ئاقارتقان بولسا، ئانا تىل يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاۋامنىڭ دىلىدا مەرىپەت مەشئىلىنى يورۇتقان. مانا بۇ ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتنى تۈزەش تەدبىرىنىڭ بىر تەرىپى. بىز شۇڭا، ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈسۈپ خاس هاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى قاتارلىق كاتتا ئالىم - ئۆلىمالارنى تەتقىق قىلىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىپ كېيىنكى چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىشتا بەلگىلىك تۆھپە كۆرسەتكەن شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنى تەتقىق قىلىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق شۆھرەتلىك ئەسەرلەرىمىز قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش، ئەھمەد يەسسەۋى هېكمەتلىرىدىكى تىل، شېئىرىي ئۇسلۇب ۋە شۇ ئارقىلىق نامايان قىلىنغان ئەخلاق تېمىسىنى، بولۇپمۇ كىشىلىك قەدىر - قىممەت، دۇنيا قاراش، دۇنيانى تونۇش ۋە ئۇنى بىلىش، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى... قاتارلىق تېمىلارنى چەتتە قالدۇرۇش ئارقىلىق قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە شەكىللىنىۋاتقان چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك ئالاھىدىلىكىنى، ئومۇملىشىش ۋە

تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇناسىپ ئورنىنى كۆرسىتىش، تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تارىخىي خاراكتېرلىق يېتەرسىزلىكلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئىنتايىن مۇھىم، دەپ قارايمىز.

— مەن ساڭا بۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ ئۆگىنىش يولى كۆرسىتىپ بېرىشنى، ئەھمەد يەسسەۋى ھەزرىتىمىنىڭ ماڭغان يولى، يەتمەكچى بولغان نىشانى قاتارلىقلار ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىچە ساڭا بىر نىشان كۆرسىتىپ بېرىشنى لايىق دەپ قاراپ يېنىڭغا كىرىشىم.

— مەنمۇ سىلىدىن بىرقانچە مەسىلىنى سورىماقچى ئىدىم. كىرگەنلىرى ناھايىتى ئوبدان بولدى. مۇمكىن بولسا ماڭا يەسسەۋى ھەزرىتىمىنىڭ ھاياتى، نەسەپ - شەجەرىلىرى ۋە ئۇنىڭ سوپىلىق يولىدا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بولسىلىرى.

— ماقۇل، مەن سۆزلەپ بېرەي، لېكىن سەنمۇ ئەستايىدىل بېرىلىپ ئاڭلىغانىنىڭ سىرتىدا ئۆزۈڭ ۋاقىت چىقىرىپ مۇتالىئە قىلىپ كۆرگىن.

www.uyghurkitap.com

# ھاياتلىق ۋە يول

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە تۈپ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىلگىرىكى تۈرلۈك دىنىي ئىدېئولوگىيە بولۇپمۇ بۇددا دىنى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئىگىلەپ، پۈتكۈل ئاڭ سىستېمىسىدا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئەدەبىيات گۈللىنىۋاتقان ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ جانلىق تەشۋىقات قورالىغا ئايلىنىپ، كەڭ ئاۋامنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، دىنىي ئەخلاقنى چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئىلگىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دۇنياۋى ئەدەبىيات تېمىسىغا ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆزەك قىلغان بىر قىسىم دېتاللار ئارىلىشىپ، دىنىي ئەقىدە بىلەن ئۇيغۇر ئەخلاق تېمىلىرى بىر - بىرىنى تولۇقلاش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. دىنىي تەرغىباتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سوفىستىك دىنىي ئېقىم ئۆز سۈلۈكىنى كېڭەيتىشتە جانلىق خەلق تىلى ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۆز دەۋرىگە خاس تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى مانا مۇشۇ خىل ئەدەبىي مەكتەپ بەرپا قىلىش

بىلەن بىرگە ئۆز ئالدىغا خاس ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن يىرىك شائىردۇر.

شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار بار. بەزى مەنبەلەردە «يەسسەۋى تەخمىنەن 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلارغا قاراشلىق يەتتە سۇ ۋىلايىتىدىكى سايرامدا دۇنياغا كەلگەن... 1116 - يىلى ئۆز يۇرتى يەسسىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن يوشۇرۇنغان. ئېيتىلىشىچە ئۇ گەرچە مۇھەممەت پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشىماسلىقنى ئىستەپ 63 يېشىدا چىللە خانىغا كىرىپ، روزا تۇتۇپ ئىستىقامەت قىلغان بولسىمۇ، ئىككى پەيغەمبەر يېشى 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن» دېيىلگەن①.

يەنە بەزى مەنبەلەردە «ئەھمەت يەسسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇپ، 1086 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1166 - يىلى ۋاپات بولغان» دېيىلگەن②.

يۇقىرىقى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا شائىر ئەھمەد يەسسەۋى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا قاراشلىق يەتتە سۇ ۋىلايىتىنىڭ يەسسى دېگەن جايىدا تەخمىنەن 1036 - يىلى دۇنياغا كەلگەن. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئەنئەنە بويىچە ئوزى تۇغۇلغان ئانا يۇرتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ دادىسى سايرام شەھىرىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىبراھىم شەيخ دېگەن كىشى بولۇپ، بوۋىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىدى. شائىرنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن بولۇپ، ئاتىسىنىڭ قولىدا ساۋات چىقاردى، ئەينى دەۋردىكى سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ يىغىلىش ماكانى بولغان قەلەندەرخانىنىڭ يېنىدىكى كۆك

www.uyghurkitap.com

مەسچىتتە ئوقۇدى. دەسلەپكى ئۇستازى ئاتىسى بولغان بولسا، كېيىنكى ئۇستازى كىتابلار، ئالەمنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان تەزكىرىلەر، رىسالىلەر، بايازلار، كۇللىيات پۈتۈكلەر ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. سوۋغا بارسىمۇ، دۇكانغا چىقسىمۇ قولتۇقىدا رەتلىك ئورالغان كىتاب بولاتتى. ئۇ يەتتە يېشىدا قۇرئاننى يادقا ئوقۇشقا باشلىدى، پاكىنەك ئۇستازى تايچاق داموللام ياقىسىنى تۇتۇپ قالدى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشتى، بىچارە ئانىسى بولسا، «بالا دېگەن شۇنداق تىنىمسىز ئوقۇمدۇ، بېشى ئايلىنىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟» دەپ ئەنسىرەيتتى. ئەمما، ئەھمەد كىتاب ئوقۇشتىن باش كۆتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ شادلىقى، بەختى، تاپقان خەزىنىسى ئەقلىنى لال قىلىدىغان كىتابلار ئىدى. ئۇ ياش، تېخى ئىسپىجاپتىن تۆت قەدەممۇ نېرى چىقمىغانىدى. بىراق، تەنھا ۋە دانا مەسلىھەتچىسى بولمىش كىتابلار ئارقىلىق ئۆزىچە دۇنيانى كەشپ قىلماقچى، بالا كۆڭلىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋاتقان سىرلىق، چىگىش سوئاللارغا جاۋاب تاپماقچى بولاتتى.

ئۇ ئاۋۋال ئانىسىدىن ئايرىلدى، سەككىز ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئاتىسىمۇ ئالالىنىڭ رەھمىتىگە باردى. يالغۇز جىگەر پارىسى گەۋھەرى شاھناز بىلەن بوتىدەك بوزلاپ قالدى. شۈكرىكىم، سەيخۇن تەرەپتىن يەسسىلىك بوۋىسى ئارسلان بابادىن نىدا كەلدى. ئارسلان بابا ئىككى يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ ئىسسىق باغرىغا ئالدى. گەۋھەرگە جاي بېرىپ قىزىم دېدى، ئەھمەدنى ئوغلۇم دەپ يېنىغا تارتتى. نان - تۇز بەردى، تەلىم - تەربىيە بەردى. شۇ چاغدا ئەھمەد ھەدىسى بىلەن ئۆزىنىڭ غەمكىن

ئەھۋالىدىن قايغۇرۇپ، بابىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن تەسىرلىنىپ، تۇنجى قېتىم شېئىر توقۇغانىدى. مۇزلاپ ياتقان كۆڭۈل قەپىسىنى بايچېچەكتەك يېرىپ چىققان بۇ مىسرالار تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ يادىدا بار ئىدى:

غېرىبلىقتا غېرىب بولغان غېرىبلار،
غېرىبلار ھالىنى بىلگەن غېرىبلار.
سەۋەب بىرلە يىراق يەرگە بېرىبان،
قېرىنداشنىڭ قەدرىن بىلگەن غېرىبلار.

ئۇ شۇ كەتكەنچە سەل كەم ئەللىك يىلدىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

ئارسلان بابا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سوپىزم ئىدىيىسى قانات يېيىپ، ئىسلام دىنى قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقان، پۈتكۈل خەلق ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەڭ تۇردە مەلۇم بىر سۈلۈككە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئەۋج ئېلىۋاتقان مۇنداق بىر شارائىتتا، شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز ئېتىقادى ۋە قىزغىنلىقىنى قىلچە سۇسلاشتۇرماي، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىشتىياقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەينى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بېرىپ، سوپىزمنىڭ داڭلىق ۋەكىلى شەيخ يۈسۈپ ھەمىدانى تەربىيىسىگە كىردى ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ھەمىدانى پىكرىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز ئىدىيىسىدە كېيىنكى دەۋر يەسسەۋىچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسىنى

تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى يۇسۇپ ھەمدانى ۋاپات بولدى. ئۇستازىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن يېرىش ئالدىدا تۇرغان يەسسەۋىچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ يېتەكچىلىك تارتىشىنى مۇنبەت زېمىن بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەھمەد يەسسەۋى ئۇستازىنىڭ ئورنىدا سوپىزم پىكىر ئېقىمىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن راۋاجلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى پىكىر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. كېيىن ئۆز يۇرتى يەسسىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاپ، تەرىقەت سوفىستىك ئىدىيىسىنى شېئىرىي يول بىلەن تەلقىن شەكلىدە كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىشقا باشلىدى.

شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى ئاتا - بوۋىلىرى، قېرىنداشلىرى قويۇلغان قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياسالغان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە شائىرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تەئەللۇق ئاسار- ئەتىقە جۇجەخان ئۇلۇسىنىڭ خانلىرىدىن توختامىشخان تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن تۆمۈرلەڭ ھاكىمىيەت ئىگىلىگەندىن كېيىن بولسا بۇ نەرسىلەر قايتۇرۇۋېلىنىپ، ئۆز ئورنىغا قارارلاشتۇرۇلغاندىن سىرت گۈمبەز تېخىمۇ ھەشەمەتلەشتۈرۈلۈپ كېڭەيتىلگەن. 1980 - يىللاردا قايتا رېمونت قىلىنىپ خەلقئارا سەيلە - ساياھەت رايونى قىلىپ ئېچىۋېتىلگەن.

— دادا، كىتاب ئوقۇشتىمۇ ئىلمىي ئۇسۇل بار، دېگەن ئىدىلە. بۇنىڭ نېمە ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بولسىلىرى.

— قانداق بولۇپ بۇ سوئال ئېسىڭگە كېلىپ قالدى، ئوغلۇم؟
— دېمىسەم بولمىدى. ئۆتكەندە ھەزرىتى نەۋائىينىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدىمۇ ھەزرەت تۆت ياش ۋاقتىدىلا سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرىنى پۈتۈن - پۈتۈن يادلىغانلىقىنى، 6 ياش ۋاقتىدا پەرىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق كىتابىنى ئوقۇشقا قىزىقىپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ تېگىگە دەماللىققا يېتەلمەي گاڭگىراپ، جىمغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ساۋاقداشلىرى، ئاتا - ئانىسى ۋە مۇئەللىمى ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ئەنسىرەپ قولىدىن ئۇ كىتابنى ئېلىۋېلىپ، ئوقۇشنى چەكلىگەنلىكى، ھەزرەتنىڭ روھىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىڭىز. يەسسەۋى ھەزرىتىمۇ كىچىك ۋاقتىدىلا چوڭ - چوڭ كىتابلارنى ئوقۇپ، روھىي جەھەتتىن جىمغۇرلىشىپ ئانىسىنى ئەنسىرەتكەن ئىكەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ بىرەر سەۋەبى بارمۇ؟
— كىتاب ئوقۇش ناھايىتى ئوبدان ئىش ھەم بەكمۇ ياخشى ئادەت! لېكىن، كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە تېيىزلىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بولۇپمۇ خىيالىي دۇنيا بىلەن رېئاللىقتىكى ھادىسىلەرنى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھايات ھەقىقەتلىرى، ئالەم سىرلىرى ھەققىدە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىر يولىلا چۈشىنىش ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قىيىن. كىتاب ئوقۇغاندا، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلمىي چۈشىنىش سەۋىيىسى ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى بىلىشى لازىم. سەۋىيىسىدىن، كۆزىتىش

ئىقتىداردىن ھالقىغان كىتابلاردىكى مەزمۇنلار ئەكس تەسىر بېرىپ ھەتتا ھاياتلىق نىشانىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى، ياشاش ئىستىكىنى، شەيئى ۋە ھادىسىلەردىن مەنتىق خۇلاسە چىقىرىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىشى مۇمكىن. نەۋائىي ۋە يەسسەۋى ھەزرىتىممۇ كىچىك ۋاقتىدىلا مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچار بولغان. ئاتا ـ ئانىلىرى ۋاقتىدا بايقىمىغان بولسا، بەلكىم ئۇنىڭدىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. مېنىڭ سېنى كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشۇڭنى چەكلىشىم ياكى بولمىسا، كىتاب ئوقۇغاندا سوئال ئاساسىدا ئۆگىنىشكە يېتەكلىشىم شۇ سەۋەبتىن. كىتاب ئوقۇغاندا بالىلار، ئۆسمۈرلەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆز تۇرمۇشىغا يېقىن كىتابلارنى، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى، تېپىشماق، بالىلار ئويۇنلىرى، بالىلار ھېكايىلىرى قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇشى، ھەجمى چوڭ، مەزمۇنى مۇرەككەپ كىتابلارنى ئوقۇشنى ئىلاج بار كېيىنگە قالدۇرۇشى، رازۋېدكا، تۇرمۇش بىلىملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتابلارنى ئىلاج بار تۇرمۇش بىلىملىرى ساۋاتىغا تولۇق ئىگە بولغاندىن كېيىن ئوقۇشقا قالدۇرۇشى لازىم. بۇنداق دېگەنلىك، بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇماڭلار دېگەنلىك ئەمەس، ئۇلارنىمۇ ئوقۇش لازىم، لېكىن ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بولغىنى ياخشى.

# شائىر زىكرى: جەننەت ئانىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىدۇر

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا «ئەر» ۋە «ئايال» تەندە ئەقىل ۋە ھوشنى ئويغىتىدىغان، ۋۇجۇدقا لەززەت، ھاياتقا ئىززەت بەخش ئېتىدىغان، شۇنداق مۇلايىم ۋە يېقىملىق ئاتالغۇكى، ئىنسان قەلبى ئۇلارسىز ھەقىقىي ۋە مۇلايىم، تولۇق ۋە مۇكەممەل ئاۋازنى ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق يەردە سىرتىغا چىقىرالمايدۇ. ئايالسىز ئەر، ئەرسىز ئايال تۇرمۇش قەدەھىدىكى ۋىسال شارابىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ. ئەرسىز ئايال، ئايالسىز ئەر ئىنسانلىق يولىدا ئىنسانىيلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمايدۇ، مۇكەممەلمۇ بولالمايدۇ. «ئايال» بۈيۈك سۆز. ئۇنىڭغا قىزلىق پاكلىقى، دوستلارغا خاس پىداكارلىق، مىننەتسىز مېھنەت ئىگىسى بولغان ئانىنىڭ سۈنماس جاسارىتى مۇجەسسەملەنگەن. ئايال سۆيگۈسىدىن پاكلىق قوبۇل قىلمىغان، ئۇنىڭ مەردلىكىدىن مەدەت ئالمىغان، كەمتەرلىكىدىن ئۆلگە ئېلىپ، غادايغان قەددىنى يەتتە قاتلاپ، دىل قەدەھىگە مېھىر سۇيىنى لىقلىمىغان ئادەم ھەقىقىي ھايات كەچۈرمىگەن بىلەن تەڭ. ئايالنى سۆيمىگەن ئادەم تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭەلمەي، ئازغۇندەك قايان بارارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئايالنى

www.uyghurkitap.com

ئىززەتلىمىگەن ئادەم ئۆز ئىززىتىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ - دە، ئابرۇيىنىڭ كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا كىشىلىكتىن يىراقلاپ كېتىدۇ. ئايال كىشىگە مۇھەببەت كۆرسىتىش ئىنتايىن مۇقەددەس بىر ئىش بولۇپ، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئايال كىشى تاماقنىڭ تۇزى. ئۇ تاماققا لەززەت، بەدەنگە قۇۋۋەت، روھىيەتكە جاسارەت، تۇرمۇشقا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. ئىنسانىيەت ۋە ھايۋانات دۇنياسىدىكى تۇرلۇك كەچمىشلەردىن شۇنى ئېنىق ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىك ئەركەك جىنسىنىڭ چىشى جىنسقا بولغان مۇھەببىتى سەۋەبىدىن بولغان. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە گۈللىنىشى بىلەن بۇ خانلىق زېمىنىدا ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەھكام، ئەقىدىلىرىنى سوپىلىق يولى بىلەن تەلقىن قىلىپ، كىشىلەر قەلبىگە ئاقتۇرىدىغان سوپىزم پەيدا بولغان. سوپىزمنىڭ ئاساسلىق تەلقىن مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم ئېلىپ، بۇ دۇنيانىڭ نېمەت - لەززەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، پۈتۈن نىيەت- ئىقبالىنى ئۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىگە قارىتىشتىن ئىبارەت بولغان.

«تەركىدۇنيا» دېگەنلىك، ھاياتلىق لەززەتلىرىنى ئۇنتۇش، تاشلاش دېگەنلىك بولۇپ، رېئال دۇنيادىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. سوپىلىق - دەرۋىشلىك يولى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەھمەد

يەسسەۋى دەۋرىگە كەلگەندە، نىشانىنى باشقا ياققا بۇراپ، دۇنيا لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش يولىنى شەكىللەندۇردى. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى فېئودال مۇستەبىتلىكنىڭ كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، ئاۋام بېشىغا ھەددى - ھېسابسىز بالا - قازالارنى كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يەتكەنلىكى ۋە مۇنداق مۇدھىش تۈرمۇشنى بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرى شاھلارنى ئەدلىگە دالالەت قىلىش، ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە كۆيۈمچان قىلىش، ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، مېھنەت ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداپ، ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىدىن لەززەتلىنىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن، تەھسىن ئوقۇش لازىم، دەپ قارىدى. ئۇ ئۇستازىدىن كېيىن سوپىزم يولىنى يېڭى بىر مەۋقەگە باشلاپ، كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن، ئۇ ماڭغان يول «يەسسەۋى يولى» نامى بىلەن شۆھرەتلىنىپ، مۇرىتى يۇزمىڭغا يەتكەن ئىدى. يەسسەۋى تەرىقىتى يولىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى، ئىنسانلار ئۆزئارا دوستلۇق ۋە مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش، ئاياللارنى ئاسراش، پەرزەنتلەرنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئەھمەد يەسسەۋى بۇ خۇسۇستا ئايالى رۇقىيە بۇۋىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى. پەرزەنتى گۆھەر شاھناز، خۇشناز ۋە ئوغلى ئىبراھىملارنى ئاسرايتتى، ئۇلارغا كۆيۈنەتتى. ئەگەر مەلۇم بىر ئىش تۈپەيلى ئايالى، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ، بىر نەچچە

كۆنلۈك سەپەرگە ئاتلىنىدىغان بولۇپ قالسا، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاندىن يولغا چىقاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئانا بالا تۇغقۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگۈچى، ئەرگە قانات، ئائىلىگە بەرىكەت بەرگۈچى ئىدى. ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ماڭغان يول دوزاخ يولى، كۆرگەن راھەت شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ھېسابلىناتتى.

## ھېكايەت

ئەھمەد يەسسەۋى مەككىگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئايالى رۇقىيە بۇۋىدىن بۇ ئىش ئۈچۈن رازىلىق ئېلىشنى ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرەتتى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ئىبادەتتىن كېيىن ئايالىنىڭ خانىسىغا كىردى.

رۇقىيە بۇۋى يېنىپ ئاخىرلىشىپ قالغان خىرە شامنىڭ ئالدىدا پەدەرىنى ئويلاپ، ئېڭىكىنى تايىنىپ ئولتۇراتتى. سىرتتىن كەلگەن ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلاپ ئىلدام قوزغالدى. ھەزرەت ئۇندىمەي خاس خانىسىغا كىردى. رۇقىيە بۇۋى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شەيخ مېھرابنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. رۇقىيە بۇۋى تەكچىدىكى چوڭ شامداننى ياقتى. «بىرەر خىزمەت بارمۇ» دېگەندەك رومىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

— نان بىلەن سۇ كەلتۈرۈڭ ئانىسى، — دېدى شەيخ.

رۇقىيە بۇۋى ئېرىنىڭ ئالدىغا بوز داستىخاننى سالدى، نېرىقى ئۆيدىن ئىككى نان، بىرئاياق سۇ ئېلىپ كىردى.

— ئولتۇرۇڭ ئانىسى، — دېدى، — سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ بار.

رۇقىيە بۇۋىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى ۋە ئاستا يۆكۈنۈپ ئولتۇردى. نەزىرىدە ئېرىدىن شۇ كەمگىچە ئاڭلىمىغان قالتىس بىر گەپنى ئاڭلايدىغاندەك چۆچۈدى. شەيخنىڭ ئويچان يۈزىگە ئەيمىنىپقىنە لەپپىدە بىر نەزەر سالدى.

شەيخ ئاياق بىلەن نانىنى ئوتتۇرىغىراق سۈردى. يەردىن كۆز ئۈزمەي مۆڭلىنىپ ئولتۇرغان رۇقىيە بۇۋىگە قاراپ ئاستا دېدى:

— ئانىسى، مەن سىزدىن رازىلىق سورىماقچىمەن. ئاللا نىيىتىمىزگە يەتكۈزسە، بۇگۈن يولغا چىققايمىز. سىزدىن يوشۇرمايمەن، يول يىراق، بېرىش - كېلىش ئارىسىدا بىر يىل ئۆتىدۇ. ئىنشائاللا، پەرزنى ئادا قىلىپ، يەنە مۇشۇ داستىخاننىڭ يېنىغا قايتقايمىز، دېگەن ئۈمىدتىمەن. لېكىن ئىنسان بالىسى ئەتە نېمە بولۇشىنى بىلمەيدۇ. بۇ قۇتلۇق نەپەس بارچىمىزغا ئامانەتتۇر. مۇبادا قازايىمىز يېتىپ...

رۇقىيە بۇۋى پىخىلداپ يىغلىدى.

— كۆز يېشى قىلماڭ، كۆز يېشىنى كېيىنگە قويۇڭ.

رۇقىيە بۇۋى دەرھال كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— يىگىرمە يىلدىن بېرى بىمىننەت خىزمەت قىلدىڭىز. چەككەن زەخمەتلىرىڭىزگە رازى بولۇڭ. قولىڭىزنى ئۆكسۈتكەن بولسام ئۆزرە، بەزىدە قاتتىق - قۇرۇق سۆزلەپ قويدۇم، ئۈنىمۇ كەچۈرۈڭ ئانىسى. مەن سىزدىن رازىمەن، سىز ھەم مەندىن رازى بولۇڭ. قىيامەت كۈنى يورۇق يۈز بىلەن دىدار كۆرۈشكەيمىز.

رۇقىيە بۇۋىنىڭ بېشى ئېگىلىپ، تىزىغا تېگەي دېدى.

ئېرىنىڭ ئۆگەتكىنىنى ئۇنتۇپ، ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى.

— مەن مىڭ مەرتە رازىمەن، شەيخىم...سىزمۇ رازى بولۇڭ...

ھەزرەتنىڭ يەنە بىر گېپى بار ئىدى. ئۇنى ئېيتسا رۇقىيە بۇۋىنىڭ رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئايالىنىڭ مەھزۇن كۆڭلىنى بەتتەر ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپتۇ. بىراق، بەربىر ئېيتىشقا جەزم قىلدى.

— ئانىسى، مەن ئىبراھىمنىمۇ ھەجگە بىرگە ئېلىپ بارسام دەپ نىيەت قىلىۋىدىم... ئەلۋەتتە سىز رازى بولسىڭىز.

رۇقىيە بۇۋىنىڭ يۈرىكى پارە بولدى. ئۇ شەيخ تەرەپكە قول سوزۇپ موككىدە يىقىلدى. ئېرىنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇپ ھۆركىرەپ يىغلىدى.

— مېنى يالغۇزۇمدىن جۇدا قىلماڭ، شەيخىم! مەن شور پېشانىگە رەھىم قىلىڭ!... بىر يولى ئىككىڭلاردىن ئايرىلسام... ئىككىلا قولۇم كېسىلمەسمۇ؟ بىز ھەققىڭىزگە دۇئا قىلىپ ئولتۇرايلى. ئاللا يولىڭىزنى راۋان قىلسۇن. يالغۇز ئوغلۇمنى قويۇپ كېتىڭ، شەيخىم...

— يىغلىماڭ، ئىبراھىم يېنىڭىزدا بولىدۇ، — دېدى ھەزرەت.

بىر زەئىپەنى ئىككى قىز بىلەن تاشلاپ كېتىش نائىنساپلىق ئىدى. شەيخ خاتا ئويلىغانلىقىنى بىلدى.

رۇقىيە بۇۋى بېشىنى كۆتۈردى. يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ، ئاياقتىكى سۆزدىن ئۈتلىدى. كۆڭلى بېسىلغاندەك بولدى. ئۇ ئېرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ. كەم سۆز، ئەمما كەسكىن. بىر ئىشنى ئېيتتىمۇ بولدى، ئېيتقىنىنى قىلىدۇ. شەيخنىڭ سۆزى،

ئەزمى قارارى مۇھاكىمە قىلىنمايدۇ، ئۇ پەرز ئىدى.
ھەزرەت بىر ناننى ئېلىپ ئىككىگە بۆلدى. يېرىمىنى رۇقىيە بۇۋىنىڭ ئالدىغا قويدى.
— مەن ئۇلۇشۇمنى ئېلىپ كەتكەيمەن. بۇنى سىز ئاسراڭ. ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلسەم، ئىككى يېرىمنى بىرلەشتۇرگەيمىز. ئاللا ھەركىمنىڭ رىزقىنى پۈتۈن قىلسۇن. ئامىن!
شەيخ سۇدىن بىر ئوتلاپ، ئاياقنى ئورنىغا قويدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.
— بىز قايتقۇچە سىلەر ئىسپىجاپتا ئىستىقامەت قىلىڭلار، تۇغقۇلغان يەر دۇرۇسراق، — دېدى كۆڭلى بوشاپ.
رۇقىيە بۇۋى ئىسپىجاپلىق مۇسا شەيخ دېگەن روھانىينىڭ كەنجى قىزى ئىدى. ھەزرىتى سۇلتان «بىر يىلغىچە ئۆيدە بولالمايدىغانلىقىمىز ئۇچۇن، بۇلار تۇرمۇش زەخمىتىنى چەكمىسۇن» دېگەن خىيالدا ئائىلىسىنى قېيناتىسىنىڭ ئالدىغا تاپشۇرۇپ كەتمەكچى ئىدى.
رۇقىيە بۇۋىنىڭ كۆز يېشىدىن كۆپچۇپ كەتكەن يۈزىگە قان يۈگۈردى.
شەيخ مەسچىتكە چىقىپ كەتتى. مەسچىت ئىچى يورۇق، خەلىپە ۋە مۇرىتلار سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى.
مەزىننىڭ ئەزىنى ياڭرىشى بىلەن شەھەرنىڭ تۆت قاپقىسى باراۋەر ئېچىلدى. ھەزرىتى سۇلتاننى ھەجگە ئۇزاتماقچى بولۇپ كەلگەن كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە كىردى.
تاڭ ئاتتى. قەدىمىي يەسسىنىڭ مەشھۇر ئاق تېرەكلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇچىدا يىپەك نۇر ئوينايتتى. شەھەر ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ھەممىسى مەسچىتتى سۇلتانىيە تەرەپكە ئاقاتتى. راباتتىمۇ ئادەم كۆپ، مۇساپىرخانىلار، كارۋان سارايلارمۇ ئادەم بىلەن تولغان. سېپىلنىڭ كەينىدە ئاتلار كىشنەيدۇ، قېچىرلار يۇلقۇنىدۇ، نار تۆگىلەرنىڭ پۇشقۇرىقى ئاڭلىنىدۇ. يەسسى بولۇپ ئېھتىمال بۇنچىلىك تەۋرەشنى كۆرمىگەندۇ. قاراتاغ ئېتىكىدىكى قىشلاقلاردىن، دەشتى قىپچاق يايلاقلىرىدىن، سەيخۇن بويلىرىدىن، ھەتتا ئەڭ چەت يېڭىكەنت شەھەرلىرىدىن توپ - توپ بولۇشۇپ ئوۋچى، قويچى، كاسىپ، تىجارەتچى ۋە دېھقانلار كەلمەكتە. بىراۋنىڭ تىلىدا دۇئايى خەير، بىراۋنىڭ دىلىدا ئېھرام باغلاش نىيىتى، يەنە ھەج ئۇچۇن زاكات ئايرىپ ساۋاب ئىزلىگەنلەر، شەيخ ھەزرەت مەرھەمەت قىلىپ بىرنىمۇ ئالغاچ كېتەرمىكىن دېگەن ئۈمىدۋار كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى. ئەل - ئۇلۇس بىلەن خوشلىشىش ۋاقتى بولغانىدى. ھەزرەت خەلپىلىرى، ئۆلىما، مۇرىتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەسچىتنىڭ ئايۋىنىغا چىقتى. خالايىق تۇنۇگۈنكىدىن ئون ھەسسە كۆپ ئىدى. مەيدانغا سىغمىغانلار ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ تېمىغا، قەلئە ئۇستىگە چىقىپ، سۇلتانۇل ئارىپىنىڭ ۋەزىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ تۇرۇشاتتى.

شەيخ كىرپىك قاقماي مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا كۆزلەرگە بېقىپ بىر لەھزە خىيالغا پاتتى: «بۇلار نېمە ئىستەيدۇ؟ يەنە ئەمرى - مەرۇپقا ئۈندەمدۇ؟ ئەمرى - مەرۇپ، پەند - نەسىھەت بىلەن يامان كىشى ياخشىغا ئايلانسا، دۇنيادا ئوغرى - كاززاپ، زىناخور، ئاچ كۆزلەر قالماس ئىدى. نە ئىلاج، چىقمىغان جاندا ئۈمىد بار، دېگەن

گەپ بار. تامچە تاشنى تېشەر ئىمىش. ئەجەبا، بۇ ئازغىنە پەندۇنەسىھەتىمىز مىڭ قۇلاقنىڭ بىرىدەتوختاپ ئىجابەت بولسا؟»

ھەر قېتىم ۋەز ئېيتقاندا شەيخنىڭ كۆكسىدە ئوتلۇق بىر ئىلھام پەيدا بولاتتى. ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق ئىلھام تاشقىنىدىن دىلى پارتلاپ سۆز باشلىدى:

— بۇرادەرلىرىم! ئاراڭلاردا ئۆكسۈگەنلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئۇلار بەلكىم، بىزمۇ مەككەئى مۇكەررەمگە بېرىپ ساۋابقا نائىل بولساق، دەپ ئۆرتىنىۋاتقاندۇ. بۇنداق ئۆرتىنىش ھاجەت ئەمەس. ھەج پەرزدۇر. جەننەتنىڭ بەدىلى مەككە يولىدا ئەمەس، ھەربىر بەندىنىڭ مانا بۇ يېرىدە، پاك قەلبىدە. كۆڭلى سۇنۇق غېرىبنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈك، خەير - ئېھسان قىلىڭ، مۇساپىرغا ياردەم قىلىڭ، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاڭ، بىراۋغا زورلۇق قىلماڭ، بىراۋنىڭ دىلىنى ئاغرىتماڭ، ئېرىق كولاپ، دەرەخ تىكىڭ، قولىڭىزدىن كەلسە نادانغا ئىلىم ئۈگىتىڭ، مۆمىن، قابىل ئەۋلاد تەربىيىلەڭ... ئەنە شۇنىڭدا جەننەتنىڭ دەرۋازىسى سىزگە ئېچىلغاي.

ئېھرام باغلىيالمىدۇق دەپ ئۆكسۈنمەڭلار، ئاراپات تېغىنى ئايلىنىپ، ئېھرام باغلاپ قايتقان تىلى باشقا، دىلى باشقا مۇناپىقلارنى كۆپ كۆردۇق. ئۇلار يالغان ساۋابلىرىنى پۇچەك پۇلغا ساتىدۇ. بىرى قازىمەن دېدى، بىرى مۇپتىمەن دېدى، بىرى ئىمامەن دېدى، بىرى ھاكىممەن دېدى. لېكىن ھارامدىن ھەزەر قىلمىدى. ئاللادىن قورقمىدى. بەندىدىن ئۇيالمىدى. ئەنە شۇلارمۇ ھاجىلىق دوپپىسىنى كىيگەن، ئېشەكنىڭ بېلىگە ئېھرام باغلاپ،

هاجىلىق دوپپىسىنى كىيدۇرگەن بىلەن ئىشەك يەنىلا ئىشەكتۇر، ھەرگىز ئىنسانغا ئايلانماس.

ئۇلار تاڭلا مەھشەردىن بۇرۇن دوزاخ ئوتىدا كۆيگەي، دەپ بېشارەت قىلغان. ئادەملەر ئارىسىدىكى ستەمكار ھاكىم، كىشىلەرنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلغۇچى پىتنىخور، تەكەببۇر رەھبەر، خىيانەتكار تىجارەتچى، پاراغەتكە بېرىلگەن نادان ۋە ھەسەتخور ئالىملار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، دېگەن. بەس، ئەي مۆمىنلەر، دۇئايى قارغىشتىن ھەزەر قىلىڭلار. دۇئايى قارغىشتىن قورقماي غەپلەتتە قالغان ئاسىيلار ئۇنۇتمىسۇنكى، ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتىنى قارغاپ قىلغان دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ تىلىكى ۋە مەزلۇمنىڭ مۇناجىتى راۋا بولغاي.

مەيلى ۋەسىيەت دەڭلار، مەيلى نەسىھەت دەڭلار، سىلەرگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزۈم: شۇ تەنگە ئۆلۈم يەتمەستىن بۇرۇن ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تىكىڭلار، ياخشىلىقتىن نېمە يامانلىق كۆردۈڭلار، يامانلىقتىن قانداق ياخشىلىق تاپتىڭلار.

قۇلخوجائەھمەد، يامانلارنىڭ يامانىسەن،
بارچەبۇغداي، دان تۇتمىغان سامانىسەن.

ھاسىلكالام، ۋەسسالام!

ھەزرەت يۈزىگە پاتىھە تارتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، تەكبىر ئېيتىپ، يۇقىرى ئاۋازدا دۇئا قىلدى. شۇ چاغدا ئوتتۇرىدىراق تۇرغان بىرئايال بالىسىنىڭ يەلكىسىدىن تۇتتى:

— بار بالام، شەيخ بوۋاڭنىڭ ئايىغىغا باش قوي. ئاتامنى

قويۇپ كېتىدىكەن، دەپ يىغلا، رەھىم قىلسا ئەجەب ئەمەس، بار بالام...

7 ــ 8 ياشلاردىكى ئالا تون كىيگەن بالا ئىككىلىنىپراق كىشىلەر ئارىسىدىن چىقتى. ئايۋاننىڭ لېۋىگە بېرىپ، ئارقىسىغا ياندى. ئايالنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ئۈيالما بالام، دەردىڭنى ئېيت، پىرىم سېنى قوللايدۇ.

شەيخ خالايىقنىڭ ئىچىدىن كۆزى بىلەن ئايالنى ئىزلىدى. كېيىن ئېڭىشىپ بالىنى دەس كۆتۈردى. بېشىنى سىلىدى:

ــ سۆزلەڭ ئوغلۇم...

بالا ئۈندىمىدى. يەنە ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ يۈكۈن بالام، شەيخ بوۋاڭغا قۇللۇق قىل! باياتىن يولدا نېمە دېدىڭ، ئاتامنى سورىۋالىمەن دېمىدىڭمۇ، ئېيت قوزام...

بالىدىن سادا چىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئايال بىر، ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى ـ دە، ئايۋانغا يېقىنراق بېرىپ ھەسرىتىنى ئېيتتى:

ــ پىرىم، ئەنە شۇ نارەسىدىنىڭ ئاتىسى، يالغۇز ئوغلۇم مەككىگە بارىمەن دەپ تۇرۇۋېتتۇ. خۇدانىڭ زارىنى قىلدىم، سەن بولمىساڭ بىز قانداق كۈن كۆرىمىز؟ دېدىم، لېكىن ئۇ ئۈنىمىدى. پەدەرىمىز بۇ ئالەمدىن كەتكەن، ئىشەنگىنىمىزمۇ، تايانغىنىمىزمۇ شۇ يالغۇز ئوغۇل. يەنە ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بەش بالىسى بار. پىرىم، ئوغلۇمغا نەسىھەت قىلىڭ، بالا ـ چاقىسىنىڭ يېنىغا قايتسۇن. بىزنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە بىر يىل بولدى. شۇنىڭدىن بېرى دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپتۇ. ئىلايا، ئاخىرەتلىكىمىز ئاۋات بولسۇن پىرىم، بالامنى قالدۇرۇپ

كېتىك.

ئايال ھۆكرەپ يىغلىدى. شەيخنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. يېتىملىق جەبرىنى چېكىپ، ئانا دىدارىغا قانمىغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئايال كىشىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرسە كۆڭلى بۇزۇلىدۇ، بىر زەئىپەنى يىغلاتقان كىشىنى جازالىتىپ، ئەدىپىنى بەرگۈسى كېلىدۇ. شەيخ ئايالغا قاراپ خىتاب قىلدى:

— يىغلىماڭ ئانا، ئىنشائاللا، ئوغلىڭىز يېنىڭىزدا قالغاي، ئۇنىڭ ئىسمى...

— رەئۇپ، ئابدۇرەئۇپ! — دېدى بىچارە ئايال ئۈمىدۋارلىق بىلەن. ھەزرەتنىڭ تاۋۇشى يەنىمۇ كەسكىن تۇس ئالدى.

— بىز ئەمرى - مەرۇپ قىلىپ نېمە دېدۇق؟ ئەھلى - ئائىلىسىنى زار قاقشىتىپ، مەككە يولىدا ساۋاب ئىزلىگەنلەر خار بولغاي! رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى، بىر گۇمراھ ھەج يولىدا ھېرىپ ئىبادەت قىلغىلى مەسچىتكە كىردى. كۆردىكى، بىر مۇساپىر كىيىملىرىنى ياماپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇل سورىدى: «ئاللا يار بولسۇن، نەگە بارۇرسەن؟»

«مەككىگە» دېدى يولۇچى. مۇساپىر «ئاناڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. «ھە، بار» دېدى يولۇچى. «سەپىرىڭدىن ئاناڭ رازىمۇ؟» دېدى مۇساپىر. يولۇچى «بىلمىدىم» دېگەن مەنىدە يەلكىسىنى قىستى. «ئۇنداق بولسا پۈرسەتنى ئۆتكۈزمەي ئاناڭنىڭ خىزمىتىگە ئاتلان — دېدى مۇساپىر، — مەن ئەللىك مەرتىبە ھەج قىلدىم، باش يالاڭ، پۇت يالاڭ، ئاچ قورساق دەشتۇ باياۋانلارنى كەزدىم. لېكىن ھەجىم قوبۇل بولمىدى. مەن ۋالىدەم، مېھرىبانىمنى نارازى قىلغانىدىم. ئەي ئاسىي بەندە،

پۇرسەتنىڭ بارىدا ئاناڭنىڭ ھۇزۇرىغا ئاتلان، ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا باش قوي، ئىستىسەڭ، مەن ھەج ساۋابىنى ساڭا بېرەي، سەن ئاناڭنى رازى قىلىپ تاپقان شادلىقىڭنى ماڭا بەر!» شۇندا گۇمراھ يولۇچى ئانىسىنىڭ يولىغا قايتتى.

خالايىق گۇرۇلدىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن خىتابلار، دۇئالار ياڭرىدى. شەيخ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەي ئابدۇرەئۇپ! بىز سىزگە ۋالىدە مېھرىبانىڭىزنىڭ شادلىقىنى راۋا كۆردۇق، ئانىڭىزنى تاۋاپ قىلىڭ! چۈنكى، جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدىدۇر.

— ئوغلۇم ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئايالنىڭ ۋەزىپىسى ھالاللىق جۇپتىنىڭ قەلب دىتىنى، ئۇنىڭدىكى ئالىيجاناب ھېس ـ تۇيغۇنى يالقۇنلىتىش، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، يۈكسەكلىك ۋە بۈيۈكلۈككە بولغان قىزىقىشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشتىن ئىبارەت. مېنىڭ يەسسەۋى ھەزرىتىمنىڭ ھاياتىدىكى بۇ ھېكايەتنى ساڭا سۆزلەپ بېرىشىم كەلگۈسىدە سەنمۇ ئايالىڭنى ھۆرمەتلەشنى بىلىشىڭ ۋە ئۇلۇغلار يولىنى تۇتماقلىقىڭ ئۈچۈندۇر. ئايالنىڭ بۇ ۋىجدانىي تۇيغۇسى ناھايىتى مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ بولۇپ، ھالال جۈپتى قازانغان شانۇ شۆھرەتتىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن. ئەگەر ئايال ئەرلىك دەۋاسىنى قىلماي، ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ۋىجدان تۇيغۇسى بويىچە ئىش قىلسا، ئۇ تولىمۇ كۆپ ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر ئايال ئۆزىدە ئايالغا خاس پەزىلەتلەرنى چەكلەپ، ئۇنى جارى قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەرلىك دەۋاسىدا ئەرلىك خىسلەتلىرىنى كۆچەيتىشكە بەھۇدە ئۇرۇنىدىكەن، بۇ ھال ئۇنىڭ يالغۇز ئاياللىق

www.uyghurkitap.com

ئىززىتىنى ئەمەس، ئىنسانىيلىق شەۋكىتىنىمۇ يەكسان قىلىدۇ. چۈنكى، ئەر كىشىگە ئوخشىماقچى بولغان ئايال خۇددى ئاياللارغا ئوخشىماقچى بولغان ئەرگە ئوخشاش تەتۈرلۈكتۇر. ئاياللارغا خاس ئۆلمەس نازاكەت ياخشى هالال جۈپتىگە هەممىشە قانات بېغىشلاپ كەلگەن. سەئىدى هەززەتلىرى:

كوچا سۆيگۈسى ئۆينى بەرباد ئېتەر،
ئۆيۈڭنى خوتۇن مېهىر ئاۋات ئېتەر.

دېگەندە، ئايالنىڭ ئېرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپلا قالماستىن، ئايالنى نەزىرىدىن قاچۇرۇپ كوچىغا قاراپ قالغان ئەرنىمۇ تەنقىد نەزىرىدىن ئۆتكۈزگەن. ئايال كىشى پىداكارلىقنى چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنى پىدا قىلىشنىمۇ بىلىدۇ. كونىلار بالا تۇغۇشنى هايۋانمۇ بىلىدۇ، دەپ قارىغاندا ئانىنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئۆمرىنى، ئەقىدىسىنى، ياشلىقىنى، مېهىر - مۇهەببىتىنى قىسقىسى، ۋۇجۇدىدىكى بارلىقىنى بالا ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، بالىنى ئۆز بالىسى ئەمەس، بەلكى ئەل بالىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا كۆرسەتكەن جان پىدالىقىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. شۇڭا دەيمىزكى، دېيەرلىك بىر ئايال سۆيگۈ بابىدا ئەڭ يۈكسەك جاسارەتلەرگىمۇ قادىردۇر. چۈنكى، ئىنسانغا نېسىپ بولۇش مۇمكىن بولغان ئەڭ ئۇلۇغ بەخت - سۆيگۈ — بارلىق ئالىيجانابلىق ۋە مەردانىلىكنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە هاللاردا مېهرىبان ئانىلاردا بەرقارار بولغان. ئىنسانلارنى بىر - بىرىنى سۆيۈشكە ئۈگىتىش، سۆيگۈنى

چۈشىنىشكە ئۆگىتىش، بەختلىك بولۇش ۋە بەختنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىشكە ئۆگىتىش — بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىشكە ئۆگىتىش بولۇپ، ھەممىسى ئەڭ ئاۋۋال ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن پەرزەنتنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچىدۇ. شۇڭا دېيىمىزكى، ئايالغا مۇناسىۋەت — نومۇس، شەرمى ـ ھايا، ئەدەپ، ئالىيجانابلىقنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچىمى، رەھىمدىللىكىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالىي مەكتىپى. سۆيگۈنى پەقەت ئىشرەت دەپ ئويلايدىغان ئادەم غەم ـ قايغۇ، بەختسىزلىك، پۇشايمان، كۆز يېشىدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلىگەن ئەمەس. ئايالغنى ھۆرمەت قىلساڭ، مىللىتىڭنىڭ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلغان بولىسەن. ئۆز ئايالىڭ ئارقىلىق ئىنسانىي، ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئانا ماكانىڭنى گۈللىتىشتەك مۇشەققەتلىك، لېكىن شەرەپلىك خىزمەتتە قولدىشىڭنى، دوستۇڭنى ھۆرمەت قىلغان، خۇشال قىلغان بولىسەن. قىزنىڭ ئايال كىشى (ئاجىز كىشى)ئورنىدا سۆيۈشتىن بۇرۇن ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال ئىنسان سۈپىتىدە سۆيۈشنى ئۆگەن. چۈنكى، ئايالنى ئىنسان سۈپىتىدە كۆرۈش ۋە قەدىرلەش زۆرۈرىيەتلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقلىق كىشىلەرگە نېسىپ بولۇش مۇمكىن بولغان ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ باش شەرتى.

ئەھمەد يەسسەۋى ھەزرەتلىرى سوپىلىق سۇلۇكىدىكى تەركىدۇنياچىلىق يولىدا ئايالالرغا بولغان مۇئامىلىدە يۇقىرىقى تەرەپلەرنى ئەستايىدىل ئورۇندىغان. بۇجەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇنى ئۆز سۇلۇكىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى قىلغان. يەسسەۋىچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا تېزلا شۆھرەت قازىنىشىدا يەسسەۋىنىڭ مۇشۇ پەزىلەت ۋە

خىسلەتلىرى ئالاھىدە رول ئوينىغان. مانا بۇ، يەسسەۋىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن سوپىلار سۇلۇكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە، مۇھىم تەرەپ. يەسسەۋىنى ئۆگىنىشتە، ئۇنى تەتقىق قىلىشتا بۇ تەرەپلەرنى كۆرمەي تۇرۇپلا، «تەركىدۇنيا تەشەببۇسكارى» دەپ قاراش يەسسەۋى ياراتقان ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەت ۋە مېھنەتكە باغلانغان ئەقىدە رىشتىنى ئەقىدىسىزلىكنىڭ رەھىمسىز قوش تىغى بىلەن كېسىپ تاشلىغانغا باراۋەر. شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلىغىنكى، يەسسەۋى ھەزرەت: «ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىدا. ئەقىل بىلەن قولغا كەلگەن غەلىبە قەدىرلىكتۇر. زورلۇق ــــ نادانلار ۋە جاھىللارنىڭ قورالى» دەيدۇ. بۇ يەكۈنىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنسانىنىڭ كەلگۈسىنى تەقدىرگە ئەمەس، بەلكى تەدبىرگە باغلاۋاتىدۇ. بىراۋغا زورلۇق قىلىش، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى ئوغرىلاپ، ئىدىيىسىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرۇش نادانلىق ۋە جاھىللىق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق سادانى بىز ئەھمەد يەسسەۋىدىن ئىلگىرىكى ھېچقانداق سوپى سۇلكى تەلىماتچىلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىمىغان ئىدۇق. پەقەت ئەھمەد يەسسەۋىلا ئۆز ئاغزى ئارقىلىق جاراڭلىق ئاۋازدا شۇنداق دەپ جاكارلىيالىدى ۋە ئۇنى يەسسەۋى تەرىقىتىنىڭ مۇھىم مىزانى قىلدى.

# تىنىم تاپماي يۈرت كېزەي، سەن بۇزۇلساڭ مەن تۈزەي

ئەھمەد يەسسەۋى پىكىر سىستېمىسى ناھايىتى تېزلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە زېمىنلىرىگىچە كېڭىيىپ كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى ئۆزىگە قاراتتى. شائىر يەسسەۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇنداق تېزلا شۆھرەت قازىنىپ دەۋرداشلىرى ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىدىيىۋى ئېقىملاردىن تېزلا ئېشىپ كېتىشى ۋە خەلق قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىدا ئۇنىڭ پىكىر سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم ئىلغار خاھىش، خەلقچىللىق ئىدىيە قاتارلىقلارنىڭ گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدىكى ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى ئىسلام كالامىزم قانۇنلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، كالامىزم ئىدىيىسىنى ئىدېئال، ئابستراكت چۈشەنچىدىن رېئال، كونكرېت ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە ئىگە قىلىپ، ئۇنى خەلق ئېڭىغا يېقىنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ چىرىك ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنى ئايىماي سۆكۈپ، ئۇنى خەلق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن بىر قەدەر يېقىنلاشتۇردى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئەڭ ئاۋۋال شائىرنىڭ شاھلارنى ئادىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا

www.uyghurkitap.com

يېتەكلەش، ئىنسانىي ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئەخلاق تېمىسىدىكى قاراشلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

مۇنافىقلەر يۈرۈرلەر فىسقۇ ـ فۇجۇر قىلۇرلەر،
هارام شۇبھىلەر قورقۇپ يىغلار خوجا ئەھمەد.
......................
ئاخىر زامان بولغاندۇر پادىشاھ زالىم بولغاندۇر،
هارام شۇبھە تولغاندۇر ھەيران بولۇر خوجا ئەھمەد.

شائىرنىڭ نەزىرىدە پادىشاھ ئەدلى ـ ئادالەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا خەلقنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، پۇقرانىڭ كۆڭلى ئەمىنلىك تاپالايدۇ. لېكىن، غەيرىي قاراشلار ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا قانۇنىي يوسۇندا چەك قويۇلۇپ، ئېزىش ـ ئېزىلىش بولمىغان، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى جەمئىيەت تەرتىپى يۈرگۈزۈلۈپ، خەلق كۆڭلى ئەمىنلىككە ئېرىشەلمىگەن، جەمئىيەتنى بولسا كىشى كۆڭلىنى بىزار قىلىدىغان ناشايان ئىش ـ ھەرىكەتلەر قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن شائىر «ھەيران» بولۇپ، بۇ ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىنى سىياسەتنىڭ ئىگىسى بولغان پادىشاھنىڭ زالىملىقى بىلەن باغلايدۇ. ئەخلاقىي نورما چېكىدىن ئېشىپ، مۇناپىقلەر فىسقۇ ـ فۇجۇر قىلىپ، خەلق كۆڭلىنى ئارامسىزلاندۇرۇش بىلەن بىرگە بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ھال ئەينى دەۋر قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ ئالدىن بېشارىتى ئىدى.

تارىخ ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن مەلۇماتلىق كىشىلەرگە بەش قولدەك ئايانكى، ھەر قانداق بىر ھاكىمىيەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى ياكى غۇلاپ چۈشۈشى ئەڭ ئاۋۋال ھاكىمىيەت ئىگىسى بولغان خاقاننىڭ ئادىل سىياسىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىخنىڭ ئەينىكى، پادىشاھنىڭ ئەقىل كۆزى دەپ قارالغان شائىر ـ يازغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ تېرمومېتىرى سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا تەپسىلىي نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ شەكلى ۋە ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن مەنتىقىلىق خۇلاسە چىقىرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۆز ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت پائالىيىتى ئارقىلىق شاھلارنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرگە تەرەققىيات نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇئامىلە قىلىپ، تەدبىر قوللىنىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن، مەسلىھەت بەرگەن.

مەسىلەن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىلگە تۇنيۇقۇق ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا خاقانلىققا تىكلىگەن ياۋۇز كۈچلەرنى قانداق يوقىتىش، كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا خانغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، ھاكىمىيەتنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولسا، قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدەشائىر ئاپرىنچۇر تېكىن قاتارلىق شائىرلارمۇ مەسىلىلەرنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن كۆزىتىپ، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا يېتەكلەيدىغان مەزمۇندىكى پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە نادىر شېئىرلارنى ناھايىتى كۆپ يازغان. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە شائىر، پەيلاسوپ، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك

مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى باغلىنىشىنى، فىزىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەر، ھەر خىل ئىدىيە، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىنىڭ بىر قىسىم قانۇنىيەتلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي شەرھلەيدۇ ۋە ئۇنى شاھنىڭ ئىسىگە سىڭىپ تۇرىدۇ. شائىر كونكرېت تۆت نەپەر پېرسوناژنىڭ رېئال پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەڭ ئاۋۋال ھاكىمىيەت ئىگىسىنىڭ پەزىلىتى، خۇسۇسىيىتى، تەدبىرلىك، بىلىملىك بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى، سىياسەتنى قانداق تۈزۈش، قانداق ئىجرا قىلىش، قانداق پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇشقىچە ھەممە مەسىلىلەرنى بىر قۇر بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئادىل شاھ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئادىل شاھ غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ تۇرۇشتا ھاكىمىيەت ئىگىسى پەزىلىتىنىڭ مۇھىملىقىنى شاھقا دائىم بىلدۈرۈپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىدا ئىدى.

شائىرئەھمەد يەسسەۋى:

ئەھلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق،
پادىشاھ ـ ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق.
دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسىدە ئىجابەت يوق،
تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىگە چۈشتى دوستلار.

دەپ يېزىپ، ئۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئەدلى ـ ئادالەت ئەڭ

ئاۋۋال دۆلەت ئىگىسى بولغان شاھ ـ ۋەزىرلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىكى مۇقەررەرلىك بولۇشى لازىم ئىدى. لېكىن بۇ مەقسەت ئەمەلدە كۆرسىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن:

ئۇلۇغ ـ كىچىك يارەنلەردىن ئەدەپ كەتتى،
قىز ۋە زەيىق جۇۋانلاردىن ھايا كەتتى،
ئەلھايائۇ مىنەلئىمان دەپ رەسۇل ئەيدى،
ھاياسىز قەۋىم ئاجايىپلا بولدى دوستلار.

دەپ يېزىش ئارقىلىق خەلقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەتتىن بىزارلىق تۇيغۇسىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تىنچ، بەختىيار تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئارزۇسىنى، جەمئىيەتتە تىنچ، ئىتتىپاق بولغان بىر كەيپىيات يارىتىپ ئۆزئارا دوستلۇق يولغا قويۇلغان، بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىق تۇيغۇسى ئويغانغان مۇرۇۋۋەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ھال ئەينى دەۋر سوپىزم پىكىر سىستېمىسىدىكى ۋەكىللىك شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپ، مەلۇم تەرەپتىن قارىغاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپ غايىۋى جەمئىيەت ئىدىيىسىنىڭ شائىر ۋۇجۇدىدىكى ئەمەلىي ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى توسۇپ قېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى سۈپىتىدە ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەت ئەخلاقىنى تۈزەش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال دۆلەت ئىگىسى بولغان شاھ ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئۈستىدە

تەپسىلىي توختىلىپ، ئادىل پادىشاھنى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ، خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى مانا مۇشۇ ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، «مۇرد پىرغە قىلمادىلەر يۈزۈ خاتىر، ئەجەب شۇملۇغ زامانەلەر بولدى دوستلار» دەرىجىسىگە يەتكەن ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان «مۇرد پىرغە قىلمادىلەر يۈزۈ خاتىر، ئەجەب شۇملۇغ زامانە بولدى دوستلار»دېگىنى يالغۇز سوپىزم سۇلۇكى يولىدىكى شاگىرتنىڭ ئۇستازغا بويسۇنمىغانلىق، نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، بويۇنتاۋلىق قىلىشى مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ھۆجەيرىلىرىدىكى مەلۇم ھالقىلاردا باشباشتاقلىق، بىلەرمەنلىك قىلىش ۋە بويۇنتاۋلىقتەك غەيرىي، ناچار ئەخلاق ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كەتكەنلىك مەسىلىسى ئىدى. شائىر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى پەقىرچىلىق ئىچىدە ۋە پەقىر، مىسكىن، غېرىبلار قاتارىدا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قەلب كۆزى بىلەن تەھلىل قىلىپ، مەنتىق تەپەككۇردىن ئۆتكۈزۈپ، ئەقلىي خۇلاسىگە ئېرىشكەن. شۇڭا، ئاۋام ئىچىدىكى بۇزۇلۇش مۇقەررەر چوڭ بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ۋەيران قىلىدۇ، دەپ قاراپ، پادىشاھنىڭ زالىملىقى ئاخىر زاماننى كەلتۈرىدۇ، دەپ ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ھەزرىتى ئابدۇراھمان جامى «باھارىستان»دا مۇنداق كەلىمىلەرنى كەلتۈرىدۇ:

ئىبنى مۇقەففا شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

— ھىندى دانىشمەنلىرى يازغان كىتابلار يۈز تۆگىلىك يۈك بولدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بۇلارنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار كىتابلارنى ئىككى تۆگىلىك يۈككە كەلتۈرۈشتى. «يەنە ئازايتىلسۇن» دەپ بۇيرۇدى پادىشاھ. ئاخىرى كىتابلار بار- يوقى تۆت كەلىمىگە يىغىنچاقلاندى. ئۇنىڭ ئىككى كەلىمىسى مۇنداق ئىدى.

بىرىنچى كەلىمە:

خان - خاقانلارنى ئادالەتكە چاقىرار ئىدى.
ئەگەر خاقان ئىشى بولسا ئادالەت،
چوڭۇ كىچىك ھاياتىدا پاراغەت.
دىلى ۋەيران يىغلار بولسا كۆكسى چاك،
دېمەك ئاڭا زۇلۇم قىلغان بىر ناپاك.
گەر زامانە ئاپەتلىرى بالادۇر،
پەقەت خاقان ئادالىتى داۋادۇر.

ئىككىنچى كەلىمە:

ياخشىلىق قىلماق ۋە خان پەرمانلىرىنى ئورۇندىماق توغرىسىدا ئاۋامغا قىلىنغان نەسىھەت ئىدى.

خان زۇلمى ئۇرۇقىدىن خەلق ئىچرە دائىم قوزغىلاڭ،
بۇغداي ئالمىش قاي كىشى شۇدىگەرگە چېچىپ ئارپا - دان؟!

**ھېكمەت**

بۇزرۇرجمېھرىدىن:

— قانداق پادىشاھ پاكىزدۇر؟— دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭدىن پاكىزلار ئامانلىق، ناپاكلار يامانلىق كۆرسە شۇ پادىشاھ پاكىزدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

شاھ ئۇلكىم، خاتىرى كۆپ، روشەنۇ دانا ئېرۇر،
ياخشىغا ياخشى، يامانلارغا يامان ئادىل ئېرۇر.

شائىر ئەھمەد يەسسەۋى تىلغا ئالغان «ئاخىر زامان» زامان، دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شاھنىڭ زالىملىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ سەلتەنەت تەختى گۇمران بولۇشتىن خالىي بولالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دەۋران سۈرگەن ۋاقىتلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، گۇمران بولىدۇ دېگەنلىك بولۇپ، مەلۇم جەھەتتىن زاھىرى زىكرى تەلقىن شەكلى ئارقىلىق خانغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېنىقكى، خەلق — ئۆز تۇرمۇشىنىڭ باياشات، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم، كوللېكتىپ ھاياتىنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك، ئەۋلادلىرىنىڭ بەختىيار، دۆلىتىنىڭ بىر پۈتۈن، سىياسىتىنىڭ مۇقىم، جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتقا يۈزلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئاشۇلار ئارقىلىق ھاياتىغا ئىزگۈ مەنە بېرىپ، مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشنى ئىستەك قىلىدىغان ھاياتىي كۈچ! ئۇنىڭ ئاشۇ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش شاھقا مەركەزلىشىپ قالغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە، بۇ ھالەتنى ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ سەگەك قۇلىقى، ئۆتكۈر كۆزى بولغان شائىر - يازغۇچىلار ئالدى بىلەن تونۇپ يېتىپ ئۇنى خەلق ئارزۇسى سۈپىتىدە ئۆز ئاغزى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئالدىن ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق ھالەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن شائىر بولۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ ئاۋۋال شائىردا يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك تۇيغۇسى، مۇكەممەل ئەخلاقىي چۈشەنچە ۋە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى تىلەك، ئۇلۇغ ئىستەك بولۇشى لازىم. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى بۇ نۇقتىدا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنى بىر قەدەر چوڭقۇر تونۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆز كۆز قارىشىنى داددىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھوقۇقنى قانداق خىسلەتلىك كىشىلەرنىڭ تۇتۇشى لازىملىقى، ئۇنى قانداق ئىشلىتىش ۋە كىمگە ئىشلىتىش لازىملىقىنى ئېنىق تەكىتلەيدۇ:

موللا، مۇفتى بولغانلار، ناھەق دەئۋا قىلغانلار،
ئاقنى قارا قىلغانلار ئول تامۇغقە كىرمىشلار.
قازى، ئىمام بولغانلار، ناھەق دەئۋا قىلغانلار،
ئول ھەممالدەك بولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلار.

شائىرنىڭ بۇيەردە ئېيتىۋاتقان موللا، مۇپتى، قازى، ئىمام دېگەنلىرى مۇقەررەركى، ئەينى دەۋردىكى مەلۇم مەنسەپ، ئەمەل ناملىرى بولۇپ، بۇ مەنسەپكە مۇيەسسەر بولغانلار شائىرنىڭ نەزىرىدە ناھەق دەۋا قىلىش، ئاقنى قارا دەپ يالغان ئېيتىش، تۆھمەت چاپلاش، يوقنى بار، بارنى يوق قىلىش، ھارام يېيىش قاتارلىقلارنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان، شۇ يول ئارقىلىق ئۆزىنى سەمرىتكۈچىلەر بىلەن بىر قاتاردىكى كىشىلەر بولۇپ، شائىر ئۇلارنى مۇقەررەر دوزاخ ئازابى تارتقۇچىلار دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

## ھېكايەت

يەسسەۋى ھەزرەتلىرى ھەج سەپىرىگە ماڭغاندا ئىسپىجاپ شەھىرىگە چۈشكەن بولىدۇ. ئۇيەردە ئانىسى قارا چاچ ئايىمنىڭ ۋە دادىسى ئىبراھىم شەيخ ئىبنى مەھمۇدنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ

قىلغاندىن كېيىن، دەريا بويىدا بىرنەپەر قارلۇقنىڭ قوياشقا تېۋىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن بىر قانچە يارەنلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىدۇ. ئۇ يالاڭباش بولۇپ، چېچى ئۆسۈپ يەلكىسىگە چۈشكەن، يوغان-يوغان كۆزلىرى ئادەمگە ناخۇش باقاتتى. يىگىت ئۆلىما سۈپەت ئۈچ سەللىلىككە مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويىدى. كېيىن بېشىنى سەل ئېگىپ تەزىم قىلدى. بىراق قولىنى كۆكسىگە قويمىدى.

— نىچۈن سالام بەرمەيسەن، بىتەۋپىق؟ — دېدى باباماچىن ئاچچىقلىنىپ، — مەسىھمۇسەن؟

— ياق، ئوتپەرەسمەن.

باباماچىن «ئەنە، دېمىدىممۇ» دېگەندەك ھەزرەتكە يالت قىلىپ قارىدى. يالاڭباش يىگىتنىڭ تىلى قارلۇق شېۋىسىنى ئەسلىتەتتى.

شەيخ يىگىتنىڭ چېچىغا سىنچىلاپ باقتى:

— قارلۇقمۇسىز؟

يىگىت بېشىنى لىڭشىتتى:

— ھەئە، قارلۇقمەن.

— قارلۇقلار ئەھلى سۈننەت ھېسابلىنۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان. سىز نىچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىپ يۈرىسىز؟

— مەنمۇ بىر چاغلار مۇسۇلمان بولغانمەن، — دېدى يىگىت زەردە قىلىپ، — ئەمدى مۇسۇلمانچىلىقتىن چىقتىم. مۇنداق ئويلاپ باقسام، تۈركنىڭ سۆزى توغرىكەن.

— قايسى سۆزى؟ — دېدى خېلىدىن بېرى سۈكۈت قىلىپ تۇرغان سۇلايمان. يىگىت ئۇنىڭغا يۈزلەندى.

— تۈرك ئېيتقانىكەن، تەڭرىم، قۇرئاندىن ئايرىساڭ

ئايرىغىن، بىراق تۇگمەندىن ئايرىما.
باباماچىن مەسخىرە بىلەن دېدى:
— ھاي مەجۇسى، دىندىن چىققان بولساڭ چىقىپسەن، ئادەمگەرچىلىكتىنمۇ چىقتىڭمۇ؟ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەن مېھماننى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇش قايسى مەزھەپتە بار؟
يىگىت ئۈندىمىدى. شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئىچكىرىدىن بورا ئېلىپ چىقىپ كەپىنىڭ ئالدىغا سالدى. ئۈستىگە يېرتىق - ياماق كىگىز تاشلىدى.
— ئولتۇرۇڭلار، تەقسىرلەر، — دېدى يىگىت كىگىزگە ئىشارە قىلىپ. مېھمانلار قارا كىگىزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. يىگىت ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا، قېرى تېرەكنىڭ كۆتىكىگە ئولتۇردى. ئۇ تاسادىپىي تەشرىپ بۇيرۇغان بۇ كىشىلەرگە ئەجەبلىنىپ باقتى. «كىم بولدى بۇلار؟ مۇپتىمۇ، قازىمۇ؟ نېمە ئىشى بار؟ يا دىنغا كىر، يا كۆچ دەيدۇ - دە.»
يىگىت باباماچىنغا يەرنىڭ تەكتىدىن كۆز تاشلىدى، ئۇنىڭدىن ھېيىقتى، «ماۋۇ ئالا يۇزلۇك كىشى يامانەك قىلىدۇ. ئۆزىمۇ ئالۋاستىدەك قوپالكەن».
شەيخ ئۇدۇللا سوئال بەردى:
— خوش بۇرادەر، سىز نېمە ئۈچۈن تۇگمەننى قۇرئاندىن ئۈستۈن قويدىڭىز؟ نەپسىڭىزگە قۇلمۇسىز؟
يىگىت سوغۇق كۈلۈمسىرىدى:
— كىم نەپسىگە قۇل ئەمەس؟ موللىمۇ، قازىمۇ، ئاقسالمۇ؟ يا قىتانلارمۇ؟ ھەممىسى قۇل. ھەممىسىنىڭ گېلى تۆشۈك.
— دېمەك دۇنيادا قورسىقىڭىزدىن بۆلەك غېمىڭىز يوق ئىكەندە؟

— مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم. «ئەي قارلۇق، ساڭا ئىمان كېرەك ئەمەسمۇ؟» دېمەكچىغۇسىز؟ ئىمان كېرەك. ئۇلۇغلار ئېيتقانىكەن، ئىمانسىز كىشى يالىڭاچ ئادەمگە ئوخشايدۇ دەپ، نېمە قىلاي، مېنىڭ ئىمانىمنى سىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىڭىز سالدۇرۇۋالدى.

شەيخكە قارلۇقنىڭ مىجەزى ياقتى. لېكىن، «سىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىڭىز» دېگەن سۆزى شەيخنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. «مېنى تونۇدىمۇ؟ قانداق تونۇيدۇ؟ بۇ يەرگە ئەمدىلا كېلىشىم تۇرسا».

— دېمەك، سىز خەلقئىالەمدىن تويۇپ، مانا مۇشۇنداق خىلۋەت يەرلەردە ياشاشنى جەزم قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— توغرا، بۇنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— بىلدۇق. يالىڭاچ ئادەم ئەل ئىچىدە قانداق ياشايدۇ؟

— يۈزى يوق ئادەم ياشاۋېرىدۇ. شەرمەندىگە شەھەر كەڭ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ ئەنە، ئىمامۇ ياشاۋاتىدۇ. مەسچىتتە بېرىپ بىر خىل سۆزلەيدۇ، ئۆيىگە كېلىپ بىر خىل سۆزلەيدۇ.

يىگىت ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. جوغىسىدىن ئاپئاق ھور چىقىرىپ قايناپ تۇرغان چۆگۈنگە قاراپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى. باباماچىنىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

—چاي دەملەي. ئەتىگەنكى ناشتىدىن قالما دەپتۇ بۇرۇنقى ماشايىخلار. يىرگەنمىسەڭلار، بىزنىڭ قولىمىزدىن بىر قاچا چاي ئىچىپ كېتىڭلار، تەقسىرلەر.

ئۇ كەپىگە كىردى. ئىككى ساپال قاچا بىلەن بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ چىقتى. قاچىلارنى قايناق سۇدا ئوبدان

چايقىدى. كېيىن تۇگۇنچەكنى ئېچىپ، ھېلىلا قويدى ـ دە، بىر نەچچە چىمدىم بىر نېمىنى ئېلىپ چۆگۈنگە سېلىشقا باشلىدى.

— چاينىڭ ئورنىدا بىر غەلىتە نەرسە دەملەپ بېرىمەن. رەنجىمەڭلار، چاينى ئۆيدىمۇ ئىچىسىلەر. بۇ نەرسە پەقەت بىزدىلا بولىدۇ. ئۆزۈم تاغدىن تېرىپ كەلگەنمەن. بۇنى مېھرىگىياھ دەيدۇ. ئىككى ئادەم دەملەپ، بىر قاچىدىن ئىچسە بىرسى بىرسىنى ياقتۇرۇپ قالارمىش. بۇ بىر رىۋايەت، توغرىمۇ تەقسىرلەر؟

يىگىت سۆزلىگەچ چاي دەملىدى. داستىخان ھېسابىدا بەلۋېغىنى يايدى. چۆگۈندىن بىر چىنە چاي قۇيۇپ، ئوڭ قوللاپ شەيخكە ئۇزاتتى. چاي ئاجايىپ خۇشبۇي، مەززىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن تاغ رەيھىنى، ئىپار، كېيىكنىڭ ئوتى، يەنە قانداقتۇر گىياھلارنىڭ پۇرىقى ئاڭقىپ تۇراتتى.

سۇلايمان چايدىن بىر ئوتلاپ، ساھىبخانغا كۈلۈمسىرىدى:

— بۇ چايدىن ئىمامىڭىزغىمۇ دەملەپ بېرىپسىز ـ دە، مېھىر چۈشۈپ قالغاندۇ سىزگە...

يىگىت تېرىكىپ كەتتى:

— قويۇڭ تەقسىر! — دېدى يىگىت قولىنى شىلتىپ، — ئۇ كاززاپنى كۆنگە ئۇچ قېتىم مېھرىگىياھقا چۆمۈلدۈرسىڭىزمۇ پايدىسى يوق! مېنىڭ دىندىن چىقىشىمغا سەۋەبچى بولغانمۇ ئەنە شۇ قەسەمخور. بولمىسا يۇرتۇمنى تاشلاپ بىگانە بولۇپ يۈرەرمىدىم؟ لائىلاھە ئىللەللاھ دەپ ھارۋامنى سۆرەپ يۈرمەسمىدىم!

— ئۇ سىزگە نېمە قىلدى؟

— ھەي، سورىماڭ تەقسىر، ماڭا كۈن بەرمىدى. كۈندۈزى كۈلكەمنى بۇزدى، كېچىسى ئۇيقۇمنى بۇزدى. نەرسە سوراۋېرىپ

ساراڭ قىلىپ قويدى. سورىسا مەيلىدى، قوشنا بولغاندىكىن ئالدى ـ بەردى بولىدىغۇ، توغرىمۇ؟ بىراق بۇ ئىمام ئالغىنىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ، شۇنىسى يامان. كەتمەن دەمسىز، قازان دەمسىز، پالتا دەمسىز كۆزىگە نېمە كۆرۈنسە شۇنى سوراۋېرىدۇ. بۇ سورىشى بىلەن بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئايالىمنىمۇ سوراپ قالمىسىدى دەپ قورقىمەن. ياق، خۇدا ئىنساپ بەرمىدى، ئىشقىلىپ قىلىدىغىنىنى قىلىۋەردى... ئېلىشقا كەلگەندە بىسمىللا، بېرىشكە كەلگەندە ئەستەغپۇرۇللا. ئىشقىلىپ قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. سۇنۇپ كەتتى دەيدۇ، يوقالدى دەيدۇ... بىر كۈنى ئۆيىگە كىرسەم، يەتتە ـ سەككىز ئورغاق، پالتا دېگەندەك نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. ھەممىدىن سورايدىكەنسەندە، كاززاپ دېدىم. شۇنىڭدىن بېرى بىر يىگىنلىق يىپىنىمۇ بەرمىدىم. كېيىن مېنى يامانلاشقا ئۆتتى. خوتۇنۇم بوشىنىپ ئىسسىقلىق ئىچكەنىدى، كۆرۈپ قاپتۇ. پالانچىنىڭ ئايالى مۇسۇلمان ئەمەس، روزى تۇتمايدۇ، دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. بالا تۇغقان ئايالنىڭ بىر نېمە يېيىشكە ھەققى بارمۇ ـ يوقمۇ؟ يا بوۋىقىنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈشى كېرەكمۇ؟ بۇلارمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. بىر كۈنى ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا دىۋانە كېلىپ قالدى. نان بەردىم. قارىسام ئۇستىۋىشى ئىت تالىغاندەك يامان، كىيىم ـ كېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆيگە ئېلىپ كىردىم، ئەسكى ـ تۈسكى كىيىملىرىمدىن بەردىم. ئىمانسىز ئىمام بۇنىمۇ ئاڭلاپ قاپتۇ. مەسچىتتە خالايىققا جار سېلىپ: «پالانچى قارلۇق يەھۇدىينى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ بىر قاچىدا تاماق يېدى، بۇنداق كاپىرنى مەھەللىدىن ھەيدەش كېرەك!» دەپتۇ. توۋا دېدىم، كىم كاپىر ئۆزى؟ بىر غېرىبكە تاماق بېرىپ خەيرلىك قىلغان مەن كاپىرمۇ ياكى بولمىسا بىراۋنىڭ

ھەققىنى يەپ، كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان شۇ ئىمام كاپىرمۇ؟ بىز ئوقۇمىغان ئادەممىز، مانا ئۆزۈڭلار ئېيتىڭلار، مۇسۇلمانمۇ، كاپىرمۇ، ئىشقىلىپ ئىنسان بالىسى ئىشىك ئالدىدا زار قاقشاپ تۇرسا، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش كېرەكمۇ ياكى يوقال دەپ كەينىگە تېپىش كېرەكمۇ؟

— بىراۋنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىغان مۇسۇلمان ئەمەس، — دېدى باباماچىن.

— ياشاپ كېتىڭ ئاغا! قۇل خوجا ئەخمەد پىرىم ھەم شۇنداق دەپتۇ. ئۇل ھەزرەتنىڭ بىر ھېكمىتى بار ئىدى. بۇرۇن بارغانلا يېرىمدە يادلاپ يۈرەتتىم، مانا ئەمدى ماۋۇ تەقسىرىم ئېيتقاندەك قورساق قايغۇسى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئېسىمدىن چىقىپتۇ، — قارلۇق بېشىغا ئۇرۇپ قويدى. باباماچىن تەۋەككۇل قىلىپ شەيخنىڭ مەشھۇر بېيىتىنى ئوقۇدى:

سۈننەت ئەرمىش، كاپىر بولسا بەرمە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

— شۇ، دەل ئۆزى شۇ. تۇرقىڭىز قوپال بولغىنى بىلەن ئۆزىڭىز ياخشى ئادەمكە ئوخشايدىكەنسىز. ھەزرىتى سۇلتانىمنىڭ بېيىتىنى ياد بىلىدىكەنسىز.

سۇلايمان يەر تېگىدىن شەيخكە قاراپ قويدى، كېيىن باباماچىنغا ئىشارە قىلىپ دېدى:

— بۇ تەقسىر شەيخ ئەھمەد يەسسەۋى ھەزرەتلىرىنىڭ قولىدا تەھسىل ئالغان...

— ۋاھ، ۋاھ! — دەۋەتتى يىگىت ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ —

مەن دىندىن چىققان بىر ئاسىيمەن. شۇنداقتىمۇ ئېتىكىڭىزنى تاۋاپ قىلىمەن. سۇلتانىمنى كۆرگەن ئىكەنسىز دە؟ — ئۇ باباماچىنىنىڭ ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتتى. شۇ پەيتكىچە ھېچكىم باباماچىنغا سەجدە قىلمىغانىدى. شەيخ كۈلدى، باباقۇل قىزاردى. يىگىت ئورنىغا قايتىپ ئېغىر تىن ئالدى.

— قېنى شۇ شەيخ بوۋا بىزنىڭ كەنتىمىزگىمۇ بىر كەلسە، زالىملارنى يىغىپ ئىنساپقا چاقىرسا، ھەي خۇدادىن بىخەۋەر، بىر غېرىبنى ئاياغ ئاستى قىلما، بۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئىنسان بالىسى، دەپ قورقۇتۇپ قويسا... كېلەلمەيدۇ - دە... ھەزرىتى سۇلتان يالغۇز، زالىملار كۆپ، توغرىمۇ، تەقسىرلەر؟

ھەممەيلەن سۈكۈتكە چۆمدى. شەيخ ئويلايتتى: بۇ يىگىت تېخى ئىسلامدىن پۈتكۈل يۈز ئۆرىگەن ئەمەس. بۇرگىنىڭ ئاچچىقىدا كۆرپىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. ئىنشائاللا، ئۇنى ھەق يولىغا قايتۇرساق بولغان.

سۇلايمان يىگىتكە باقتى. بىر نېمىنى سورىغىلى ئېغىزىنى جۇپلىدى. شۇ پەيت يىگىت ئۆزى گەپ ئاچتى:

— داستانىم چالا قالدى، چوڭگۇنۇم يەنە بىر قايىنىغىچە قالغىنىنىمۇ سۆزلەپ بېرەي. بىر كۈنى ئىمامنىڭ ئۆيى بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تام بۇزۇلدى. يامان خوتۇننىڭ ئېغىزىغا ئوخشاش ئېچىلىپ تۇرمىسۇن، ياساپ قويىاي دېدىم. لاي قىلدىم، ئەمدى تامنى ياساپ تۇرسام، لوكۇلداپ ئىمام كېلىپ قالدى. «ھوي، بىتەۋپىق، نېمىشقا مەن تەرەپتىن توپا ئالدىڭ، سەن كاپىرغا يەر يەتمىدىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. تامنىڭ ئەسلى ئورنىنى كۆرسەتتىم، ئەمما ئىمام ئۇنىمىدى. «بۇ مېنىڭ يېرىم، ئىككى گەز نېرىغا سۈرىسەن» دەپ تۇرۇۋالدى. قوشنىلارنى چاقىردى. مەسچىتكە ئادەم ئەۋەتتى. ئىككى سەللىلىك كەلدى.

بۇ ياقتا مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم، قاششاق، ئوقۇمىغان كىشىلەر، ئۇ ياقتا ئىمامنىڭ گۇۋاھچىلىرى، مەرتىۋىلىك، ئېغىزىدا ئىلمى بار، يۈزلىرى قىزىل كىشىلەر. «مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن يەر تالاشمايدۇ» دېدى موللا. «ئىمام مۇسۇلمان بولسا، نېمىشقا بىراۋنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالماقچى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىككىلىمىز كاپىر ئىكەنمىز ـ دە» دېدىم مەن. ئىمام ۋاي داد، دېگىلى باشلىدى. قازىنىڭ قېشىغا بارىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. ئاقساقال كەلدى، ئادەم يىغىلدى.

ـــ ئىككى گەز يەر كىمدىن قالمايدۇ، سەمەد، ـــ دېدى ئاقساقال، ـــ بۇ يالغان دۇنيادا ھەممە كىشى ئىككى گەز يەرنى دەپ يۈرۈپتۇ، بەر، ئۇنىڭ كۆزى تويسۇن.

دەۋانى سورىغۇچى قازى بولغاندىكىن نېمە قىلالايتتىڭ، توغرىمۇ، تەقسىرلەر؟ بولدى دەپ تامنى ئۆزۈم تەرەپكە ئىككى گەز سۈردۈم. ئەمما بەربىر ئىمامغا ئىنساپ كىرمىدى. يەنە قازىغا چېقىپتۇ. قازى، سەمەدنى مەھەللىگە قوشماڭلار، دەپ پەتىۋا بېرىپتۇ. ساتىراچقا بارسام چېچىمنى ئالمىدى، قاسساپقا بارسام گۆش بەرمىدى، باققال تۇز بەرمىدى. ئۆيدىن چىقالماي قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئالا سېيىر بار ئىكەن، بولمىسا ئاچلىقتىن ئۆلەتتۇق. مېنى خورلۇق تۇتتى. ھارۋامنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتىم. مانا بىر يىل بولدى، ئىگىسىز تاغنىڭ ئارىسىدا غارنى ئۆي قىلىپ تەمتىرەپ يۈرۈپتىمەن...

شەيخ ئىچىدىن ئۇۋۇلىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا، مەسچىتنىڭ ئايۋانىدا قەسەم ئىچىپ تۇرغان شاھابىددىن ھاجى، تالىپلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىپ مەدرىسە ھويلىسىغا ئورۇق ئۆچكىنى يېتىلەپ كىرگەن ئەشرەپخان قازى، مانا شۇ غېرىب قارلۇقنىڭ كۆلبىسىگە قولىنى سوزغان ئىمام نامايان بولدى. ئۇ يىگىتكە

تېكىلدى.

— ماڭا قاراڭ، يىگىت.

قارلۇق قولىدىكى چۆچەك بىلەن يەرنى جىجىلاپ ئولتۇرغانىدى، بېشىنى كۆتۈردى.

— سىزنى بىر ئوي ئاۋارە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ تەقسىرلەر مېنى دىنغا قايتۇرغىلى كەلگەن دەپ خىيال قىلىۋاتىسىز. بۇ خىيالىڭىزدىن يېنىڭ. مەن سىزنى دىنغا دەۋەت قىلمايمەن. شۈكرىكىم، جاھىلىيەت دەۋرى ئاياغلاشتى. ئىمان ۋە ياخشىلىق تىلىگەن، پاكلىق ۋە ساۋاب ئىزلىگەن ھەربىر بەندە مۇرادىنى تاپقاي.

قارلۇقنىڭ قەيسەرلىكى تۇتتى.

— ئۆزرە، تەقسىر، گېپىڭىزنى چۈشەندىم. ئىشقىلىپ دېگىنىڭىز بولغاي، دېمەك، بىراۋ مېنى ئۇرۇپ ـ سوقسا چىدىشىم، غىڭ ـ پىڭ دېمەي بوينۇمنى ئېگىپ تۇرۇشۇم، ئېغىزىمدىكى نېنىمنى ئېلىۋالسىمۇ، قوللۇق تەقسىر، ئەمدى نان يېمەيمەن، دەپ ئاچلىقتىن ئۆلۈشۈم كېرەك ئىكەندە؟ مەن بۇنىڭغا رازى ئەمەسمەن. ئۆز قولۇڭغا تايىنىپ ئەل قاتارى كۈن كۆرەي دېسەڭ، بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىسە قانداق قىلىمەن؟

— ئاسماندىن يامغۇر ياغسا جۇملە ئالەم بەھرە ئالىدۇ، قىرلاردا ھەرخىل گىياھلار كۆكىرىپ چىقىدۇ. بۇ گىياھلارنىڭ ئىچىدە مانا بۇ مېھرگىياھتەك ئادەمگە مەلھەم بولىدىغىنىمۇ، تېتىپ قويسىڭىز زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغىنىمۇ بولىدۇ. خۇددى شۇنداق، دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ بىرى دانا، بىرى جاھىل، بىرى سېخىي، بىرى بېخىل، بىرىنىڭ كۆزى توق، بىرىنىڭ كۆزى ئاچ،

بىرى قانائەت ئىگىسى، يەنە بىرى نەپس بەندىسى، بىرسى هايا بىلەن تارتىنىشتىن كىيىم كىيگەن. يەنە بىرسى شەرمەندىلىكنى كەسىپ قىلغان... نېمە چارىڭىز بار؟ سىز بىر كازراپ ئىمام تۆپەيلى دىندىن چىقىپسىز. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كازراپنىڭ گۇناھى كېمەيمەيدۇ. سىزنىڭمۇ قىممىتىڭىز ئاشمايدۇ. ئىمام سىزنى خورلىغان بولسا، بىلىڭكى، ئۇ ئەل ئارىسىدا قارغىشقا قالدى. مەزلۇمنىڭ ئىلتىجاسى راۋا بولغاي. يۇرتىڭىزغا بېرىپ قازى بىلەن ئىمامنىڭ بوگۇنكى ھالىتىنى سۈرۈشتۈرۈڭ. ئۇ يا ئىماملىقتىن ھەيدەلگەن يا بىرەر بالاغا گىرىپتار بولغان. بىر غېرىبنى يىغلاتقان زالىمنىڭ كۆلۈپ يۈرۈشىنى ئاللا خۇش كۆرمىگەي. ئەل قىساسۇل مىنەل ھەق، ھەر كىشىگە ئەجرۇ مۇكاپات بار.

— ئۇنداقتا، نېمە قىل دەيسىز؟! — قارلۇقنىڭ پىغانى ئۆرلىدى، — بېشىمنى تاشقا ئۇرۇپ ياراي دېسەم، ئىككى نارەسىدىنىڭ ئۇۋالىغا قالىمەن.

— تۈركتە بىر ماقال بار، ئاداشساڭ كۆپچىلىك بىلەن ئاداش دېگەن، كۆرۈپ تۇرۇپتۇق، بىر يىلدا گاداي بولۇپسىز، ئىككى يىلدا ئادا بولىسىز.

قارلۇق بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى جۇپلىدى. دەل شۇ پەيتتە يىراقتا ئات كىشنىدى. قارلۇق يالت قىلىپ شۇ تەرەپكە قارىدى، سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئات مىنگەن ئاق قالپاقلىق بىر كىشى تۇراتتى. ئات يەرنى تېپىپ كۆككە چاپچىيتتى، ئاق قالپاق كىشى تىزگىننى تارتىپ، بىر قولىنى ھاۋادا ئوينىتىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، قارلۇق، بارمۇ سەن؟!
ئات سوزۇپ كىشنىدى. ئاتلىق كىشى يەنە ۋارقىرىدى:
— ھەي، يي!!...
قارلۇق يىگىت ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى. رەڭگى دەرھال قىزاردى، كۆزلىرىدە توساتتىن غەزەپ چاقنىدى. تۆت سەكرەپ سۇنىڭ بويىغا باردى. ئاتلىق كىشىگە بىر تىكىلدى ـ دە، قوللىرىنى ئاغزىغا كانايچە قىلىپ جاۋاب بەردى.
— مەن بار...
قارلۇق ئىلدام ئىزىغا قايتتى، ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى.
— ئۆزرە تەقسىرلەر، — دېدى تەمتىرەپ، — مەن بارمىسام بولمايدۇ. قارلۇققا بالا كەپتۇ، مەن كەتتىم.
ئۇ تېزلىكتە كەپىگە كىرىپ كەتتى. نېمىلەرنىدۇ تاراقشىتتى. ئاندىن بىر ئۆرۈمچە قامچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كەپىنىڭ سىرتىدىن چۇلۋۇرنى ئېلىپ تېزلىكتە بېلىگە باغلىدى. كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاپتاپقا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېگىلىپ سالام بەردى ـ دە، دىكىلداپ دەريا بويىغا قاراپ كەتتى.
ئۇ ئۇدۇل دەريانىڭ بويىغا بېرىپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ساھىلدىكى ئاتلىق ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، قارلۇقنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ، قامچا سالدى. ئۇلار بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.
— نان تالاشقىلى كەتتى، — دېدى شەيخ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلغاندەك، — قارلۇقنىڭ كۆزى توق، قورسىقى ئاچ، روكنىددىنىنىڭ قورسىقى توق، لېكىن كۆزى ئاچ. يا رەببىم!
ئۇلار دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەزرەتنىڭ كۆز

ئالدىدىن بايىقى مەنزىرە نىرى كەتمىدى. ئۇ قارلۇقنى چاقىرىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئىسيانچىلاردىن ئىكەنلىكى سەزدى. ئىككى كۈندىن بېرى، روكنىددىن ئۆز خەلقى بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. شەيخ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي قەلئەگە قاراپ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە تەگسىز خىياللارغا بېرىلدى. يا رەببىم، ئەجەبا توقلار بىلەن ئاچلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مەڭگۈ داۋام قىلارمۇ؟ ئادەم زاتى شۇنچە شەپقەتسىزمىدۇ؟! قاشقىرمۇ تويسا ئېغىزىدىكى لوقمىسىنى ئۇرۇقداشلىرىغا بېرىدۇ. ئادەم بالىسى ئۆزىدىن ئاشقاننى بىراۋغا بېرىشتىن قىزغىنىدۇ، يېمەي - ئىچمەي چىرىتىپ تاشلايدۇ. ئەمما بىرەر موھتاجغا راۋا كۆرمەيدۇ. ئەي رەببىم، بىر ھېكمىتىڭگە ئەقلىم يەتمەي ئۆرتىنىمەن، قايسى ئىنسان ئىلىم - ئىرپان ئىگىلەپ موللا بولسا، ئالىم بولسا ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن بىر غېرىچ يۇقىرى قويىدۇ. نەپسگە بېرىلىدۇ. تۇرلۇك - تۇرلۇك كىيىشكە، تاتلىق - تاتلىق يېيىشكە ئىنتىلىدۇ. بىراۋنىڭ رىزقىغا قول سوزىدۇ، ئەلدىن ئۇيالمايدۇ، ئىگىسىدىن قورقمايدۇ. ئەكسىچە كۆڭۈل كۆزى كور، مەكتەپ كۆرمىگەن ئاددىي كىشىلەر بولسا ئەمگەك ئاستىدا كۈن كەچۈرۈپ، قانائەتنى ئۆزىگە زىننەت دەپ بىلىدۇ، ھارامدىن ھەزەر قىلىدۇ. بىر نان تاپسا يېرىمىنى موھتاجغا بېرىدۇ، ئىمانىنى ساتمايدۇ. مەن ئاسىي بەندەڭمەن، شەك كەلتۈرگەن بولسام ئۆزۈڭ كەچۈرگىن، ئەمما بۇ ئىشىڭدىن ئەقلىم لال. ئەجەبا زاماندىن زامان ئۆتۈپ ئۆلىما بىرلە پۇقرا ئارىسىدىكى بۇ ئىختىلاپ داۋام قىلىۋەرسە قانداق بولغىنى؟ ئۇلۇسىنىڭ كۆز تىككىنى ئاشۇ ئالىملار ئەمەسمۇ؟! قولى قاداق، پۇتى يالاڭ، قورسىقى ئاچ ئەمگەكچىنى،

كۆزلىرى ياشقا تولغان يېتىم ـ يېسىرنى خان ۋە بەگزادىلەرنىڭ زۇلمىدىن ھىمايە قىلىپ، ئۇلارنىڭ جېنىغا مەلھەم بولىدىغان كىشى كىم؟ ئۇ ئەھلى ئىلىم، پەزلۇ كامال ساھىبلىرى ئەمەسمۇ؟ خەلق ئۇلارنى پەرزەنتلىرىم دەيدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتىن باش تارتقان گۇمراھلارنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟ ئەلھەزەر، ئەي پەدەر! يولدىن ئازغان بەندىلىرىڭنىڭ كۆكسىگە ئىنساپ ۋە دىيانەت ئۇرۇقىنى چاچقىن، پەرۋەردىگارىم، سەندىن بۆلەك ھىماتچىم يوق، سەن ئۆزۈڭ مېھرىبانىم سەن، يالغۇز ساڭىلا سېغىنىدىم...

مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن ئوغلۇم، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق زاماندا ئەخلاق ئىزىدىن چىقسا، ئىنساپ يوقىلىپ، ئۆز ئوقىدىن ئاجرايدۇ. قارلۇقنىڭ دىندىن چىقىشىغا شۇ يەرنىڭ ئىمامى بىلەن قازىسى سەۋەب بوپتۇ. ئۇنىڭ كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقماي، نائىنساپلىق قىلىشىغا، ئەخلاقسىزلىقى، كەم ئەقىللىقى، شۇنداقلا نەپسانىيەتچىلىكى سەۋەب بولۇپتۇ. نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئەقىلسىزلىك ئاخىرقى ھېسابتا ئەل ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىقنى كەلتۈرىدۇ. ئەلنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدۇ. تىنچ ئەلدە غوۋغا پەيدا قىلىپ، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى يوققا چىقىرىدۇ. مانا كۆرۈپ تۇرۇپتۇق، قارلۇق ئاخىرى ئەل ئىچىدە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ سېپىگە قېتىلىشقا مەجبۇر بولدى. شائىر يەسسەۋىنىڭ «قازى، مۇپتى بولغانلار يالغان دەئۋا قىلغانلار» دېگىنى مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شائىر مۇشۇ خىل تۇرمۇشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يەتكەنلىكى، تەمىنى بىۋاستە تېتىپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن مانا شۇنداق

«دەئۋاگەر» قازى، مۇپتىلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئەلگە بالا كەلتۈرگەن نائىنساپ ئەمەلدارلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ھازىر بىز دەۋاتقان ھوقۇق دەۋاسىدا پارىخورلۇق قىلىش، ئومۇمغا مەنسۇپ نەرسىلەرنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، بىرنى ئىككى قىلىپ، يوقنى بار قىلىپ كۆرسىتىش، ھىمات ئىزدەش، گۇماشتا توپلاش، ئەدلى ـ ئادالەت ۋە ئىنساپنى نەپس ئۈچۈن پايمال قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قېلىش شائىر يەسسەۋى ئېيتقان «قازى، مۇپتى بولغانلار يالغان دەئۋا قىلغانلار» تائىپىسىگە مەنسۇپتۇر. يەسسەۋى ھەزرىتىمنىڭ: «تۇغۇلماق بار، ئۆلمەكمۇ بار. دېمەك، ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئارىسىدىكى پۇرسەت بىزگە ئامانەت. ئامانەتكە خىيانەت بولمىسۇن دېسەڭ، روھىڭنى پاك تۇت، ئۆزۈڭنى يامان ھېسلاردىن خالاس قىل. ھەربىر كىشى ئۆزىنى ياخشى خۇلقلار بىلەن زىننەتلىسە، جەمئىي ئىنسانىيەت ساپلىشىدۇ. دۇنيادا ئىنساپ، ئادالەت قارار تاپىدۇ. جەبىر ـ زۇلۇم، ياۋۇزلۇق، زالالەت يوقايدۇ» دېگەن تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئۆز سۆلۈكىنىڭ قائىدە ـ نىزامى قىلىشى قەلبىدىكى ئىنسانىي تۇيغۇ ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن خەلقپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، شائىر بۇ يەردە گەرچە ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازانى ئېنىق كۆرسىتىپ قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك مەنسەپ ئىگىلىرىنى بۇ خىل ئىللەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ياكى بولمىسا، ئەنە شۇنداق بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلغۇچىلار دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۆز چۈشەنچىسىدىكى ئەڭ

www.uyghurkitap.com

دەھشەتلىك ئازاب — دوزاخ ئازابى بىلەن جازالانغۇچىلار دەيدۇ. چۈنكى، شائىر مۇكەممەل تۈزۈمگە ئىگە فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «شاھتىن ئادالەت كۈتۈرۈلگەن» لىكىنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئادالەتنى بىلمىگەن شاھنىڭ ئادالەتتىن سۆز ئېچىشىنى بىمەنىلىك دەپ چۈشەنگەن ئىدى. بۇ ھال شائىر ئېڭىدىكى مەلۇم ئىلغارلىق خاھىشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپ، شاھ ھۆكۈمرانلىقى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن فېئودالىزم جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ھال شائىر ئۈچۈن مەلۇم ئىسيانكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# نەپس يولى رەسۇللق يولى

— ئوغلۇم، ئادەمدە ئىككى نەپس بولىدۇ. ۋۇجۇدتىكى مەنىۋىيەت ۋە جىسمانىيەت مانا مۇشۇ ئىككى نەپستىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ قۇۋۋەتلىنىدۇ. ئېغىز ئارقىلىق ئېرىشكەن نېمەت جىسمانىيەتنىڭ ماددىي تەلىپىنى قاندۇرسا، فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت تۈپەيلى شەكىللەنگەن جىنسىي نەپس جىسمانىيەتنىڭ روھى تەرىپىدە ئويغانغان مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. ھەر ئىككى نەپستىن ئېرىشىلگەن نېمەت ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. توغرا ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ھاياتنى ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە مېھنەت سىڭدۈرۈپ ئېرىشىلگەن نېمەت بەدەنگە سىڭىپ، ھالال نېمەت ھېسابلانسا، تەمەخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك تۈپەيلى مېھنەت سەرپ قىلماي ئېرىشىلگەن نېمەت ھارام سانىلىپ، ئاقىۋەت جىسمانىيەت ۋە روھىيەتنى كاردىن چىقىرىدۇ. ۋۇجۇدتىكى فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت تۈپەيلى ئويغانغان نەپس ھالال جۈپتىدىن ئېرىشىلگەن نېمەت بىلەن قانائەت تېپىپ، ۋۇجۇدنىڭ روھى تەرىپىدىن ئويغانغان تەلىپىنى قاندۇرۇپ، ۋۇجۇدتا فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ياسىشىغا ياردەمدە بولىدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھالال تەرىپى بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن مەيلى قىز، مەيلى

ئوغۇل ئاتا ـ ئانىنىڭ قوشۇلۇشى، جامائەتنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن نىكاھلىق بولۇش قائىدىلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتتىن كېيىنكى ئېرىشىلگەن نېمەت بولسا، ئۇنىڭ ھارام تەرىپى ۋۇجۇدتا ئويغانغان جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشتا شەيتان ھەۋەسگە ھەمراھ بولۇپ، نىكاھسىز بولمىغان يات بىر جىنسنىڭ ھايۋانىي سۆيەتتە مۇئامىلىدە بولۇشىدىن ئېرىشىلگەن نېمەت بولىدۇ. بۇنىڭمۇ ئوخشاشلا يامان تەرىپى بار. بۇمۇ ئوخشاشلا ۋۇجۇدنى ئۆمۈرلۈك كاردىن چىقىرىدۇ.

نەزمە خاراباتىدىن:

نەپس بىر ئۇشتۇر تۇرۇر ياشۇ قېرى،
سەمرىسە چىقار قاتاردىن تاشقارى.
سەمرىسە ھەرجان ھەر جايى بولۇر،
تەبرىسە ھەريان رەسۋايى بولۇر.
ئۇشبۇ سۆزغە ئەي ئوغۇل سالغىل قۇلاق،
يولغا كىرمەستىن بۇرۇن كۆندۇر ئۇلاق.
نەپستىن بولماق خالاس ئاسان ئەمەس،
نەپستىن بولماي خالاس ئىنسان ئەمەس.
سايەسىدىن ھەر كىشى بولمەس جۇدا،
نەپس ھەم مۇنداغ پەنا بەرگەي خۇدا.
ھەر كىشىكىم نەپسدىن ئەمىن ئەمەس،
بىگۇمان بىلگىل ئانى مىسكىن ئەمەس.
قىلماغىل بۇ يولدا نەپسگنى رەفىق،
بولما ھەرگىز نەپس بىرلە مۇتتەفىق.

— ئوغلۇم، نەپسانىيەتچىلىك شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى. نەپسانىيەت تۇپەيلى ھەر قانداق كىشى ئىككىلى ئالەملىك شەرەپ ۋە ئىززەتتىن مەھرۇم قالغان. ئادەمدە نەپس ئېھتىياجى بولۇشى مۇقەررەر. لېكىن، شۇ نەپس مۇقەررەرلىكنى ئىنساپ بىلەن قاندۇرۇش ئادىمىي تۇيغۇنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى. كونىلار: «خۇدادىن كىچىك، پەيغەمبەردىن چوڭ بىر نەرسە بار، ئۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، زامانىسىنىڭ ھېكمەت ئىگىلىرى ئۇلارغا: «ئىنساپ!» دەپ جاۋاب بېرىشكەن ئىكەن. ئىنساپنىڭ شەكىللىنىشى ئەقىدىگە باغلىق. ئەقىدە، ئىنساپ كىشىلىك ئىززەتنىڭ شەرەپ گۈللىرى ھېسابىدا ئادەملەرنىڭ ئۆمرىگە ئەگىشىپ بىرگە ياشاپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنى سولاشتۇرماي داۋاملىق پەرۋىش قىلىش شۇ كىشىنىڭ تونۇشىغا باغلىق. ئەقىدە ۋە ئىنساپنى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە دائىم سىڭدۈرۈپ تۇرۇش، ئۇنى بىلدۈرۈش زامان ئەللامىلىرىنىڭ بۇرچى ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى. شائىر ھاجى ئابدۇللا خاراباتى مەسنەۋىلىرىدە نەپس توغرىسىدا توختالغاندا تەھقىقكى، شائىر يەسسەۋى ھەزرەتلىرىدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زامانىسى ئۇچۇن ئەھمىيىتى مۆلچەرلىگۈسىز زور بولغان.

شائىرئەھمەد يەسسەۋى: جەمئىيەتكە نەزىرىنى ئاغدۇرغاندا ئاچ كۆزلۈك، پىخسىقلىق، نەپسانىيەتچىلىك، يامان خۇيلۇق بولۇشقا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئۇ خىل ئىللەت ئادىمىي خىسلەتكە يات دېگەن قاراشنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

نەفس يولىغە كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،
يولدىن ئازىپ، تايىپ، توزۇپ، گۇمراھ بولۇر.
ياتسە، قوپسە شەيتان بىلە ھەمراھ بولۇر،
نەفسنى تەپكىل، نەفسنى تەپكىل ئەي بەد كەردار.

بىر پۈتۈن زەنجىرسىمانلىقتا ئىگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا تەپسىلىي نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار خاھىشنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتسەكمۇ يەنە ھەر قايسى تارىخىي دەۋردە ياشىغان ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر شائىرلارنىڭ ياخشى ئەخلاق، ئىلغار ئىدىيىنى زامانىسىنىڭ ئومۇمىي خاھىشى بىلەن زىچ بىرىكتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىشتە ئۆزگىچىلىك بارلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇ ھال شائىر ـ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ماھارەت مەسىلىسىدىكى پەرق بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتە ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتى بىلەن پىششىق تونۇشقان ياكى تونۇشمىغانلىقى، مۇھىمى، شۇ نەرسىنىڭ خەلق ئومۇمىي كەيپىياتىغا بولغان تەسىرىنى بىلىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇر ياكى ئەمەسلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شائىر يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە ئەخلاق تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلغاندا بولۇپمۇ نەپس مەسىلىسىگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قارىغاندا ئۇ نەپسنى خۇددى ياۋا قۇشتەك قولغا ئاسان قونمايدىغان بىر نەرسە، شۇڭا ئۇنى خاھىشىغا قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ پەرۋازىغا قويۇۋەتسە، ئۇ كۆڭۈلنى ئازدۇرۇپ ئادەمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئاقىۋەتتە «نەپس يولىغە كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر، »، « نەپسىڭ سېنى ئاخىر دەمدە گەدا قىلغاي» دەپ يېزىپ، نەپسنىڭ ئادەمنى نابۇت قىلىدىغان ھالاكەتلىك تەقدىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويىدۇ. دېمەك، شائىر كىشىلىك ئىززەتنى قوغداش ئۈچۈن نەپسنى تىزگىنلەش نۇقتىلىرىغا دىققەت قىلغاندا بارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ، ياخشى نىيەت، خۇشخۇيلۇق، ئېسىل خىسلەت، ئالىي ھىممەت ئۆز نەپسنى يېڭىشتىن باشلىنىشى، نەپستىن ئىبارەت بۇ ياۋا مەخلۇقنى ئوبدان تىزگىنلەپ، ئاندىن ياخشى ئىشقا ئاتلىنىشى لازىم. نەپس شەيتاننى ئۆزىگە قول قىلالىغان ئادەم مەڭگۈلۈك ئادىمىي خىسلەتنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ،

دەپ يازىدۇ.
بىز يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە ئىنسان روھىيىتىنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى نەپس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت بەختىنى نابۇت قىلغۇچى قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان غالىب كۈچنىڭ تېخى بايقالمىغانلىقىنى بىلگەن ئىكەنمىز، مۇشۇ كۈچنىڭ غالىبلىقىنى بىلگەن شائىر ئۆزى نەپس توغرىسىدا:
«قۇل خوجە ئەھمەد نەپس ئىلكىدىن قىلۇرمەن داد!»
دەپ چۇقان كۆتۈرگەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. مانا بۇ نەپس غالىبلىقىنى ئىرادە غالىبلىقى بىلەن، شەخسىيەتسىزلىك روھىنى كۈچلۈكلۈكى ئارقىلىق ئۆزىدىن يوقىتىشنى باشلىغان شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى! بۇنداق ئېسىل روھ پەقەت مەنىۋى قۇدرىتى تەڭداشسىز بولغان ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان جاراڭلىق سادا ! تازا تەپسىلىي قارىساق، يەسسەۋىگىچە بىرەر كىشىنىڭ نەپس مەيدانىدا بۇ خىل روھ بىلەن ئىسيانكارلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىنى كۆرمىدۇق. شۇڭا، كېيىنكى يازغۇچى ـ شائىرلار نەپس تېمىسىدا يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنى شەرھلەش، ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ۋە سۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن تۇغۇلغان مىسرالارنى تىزىشقان ۋە نەپس ئۈچۈن بېرىلگەنلەرگە:

«نەپس ئۈچۈن دۇنياغا دىل بەرگەن پاسىقلار شۇ بۇ كۈن،
يەسسەۋى خاك پايىدىن ئەيلەپ ئېلىڭ تۇمارلار.»
ئابدۇللا ئارىپوف

دەپ يازغان. دېمەك، شائىر نەپس توغرىسىدا ئەڭ لەززەتلىك مىسرالارنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى نەپس ئىززىتىنى يەر بىلەن

يەكسان قىلالىغان. ئۇنى ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ مەڭگۈلۈك پايمال قىلالىغان!

شۇڭا ئۇ نەپسىدىن ئۇزۇل - كېسىل ئازاد بولۇش، ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشتىن ھوشيار تۇرۇش مەقسىتىدە:

خۇداۋەندە مېنى سالغىل ئۆز يولىڭگە،
نەپس ئىلكىدە ھارىپ ئادا بولدۇم مانا.
فىسقۇ فۇجۇر تولۇپ تاشىپ ھەددىن ئاشتى،
غەرقاپ بولۇپ ئىسيان ئىچىدە قالدىم مانا.

دەپ، نەپسىنىڭ مەھكۇملۇق ئىلكىدىن قۇتۇلۇش ئىلتىجاسىنى قىلسا،

نەپس شەيتان ئەسىر قىلدى ئادەم ئوغلىنى،
شىتىرلايىن باغلاپ ئالدى ئىككى قولىنى،
نە مۇشكۇلدۇر ئوڭ ۋە سولنى بىلمەي يولىنى،
ۋادەرىخا ھەسرەت بىرلەن بارغۇم مانا.

دەپ يېزىش ئارقىلىق، نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىشىنىڭ ناھايىتى يامانلىقىنى، نەپسگە بېرىلگەن ئادەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئۆمۈرلۈك ھەسرەتكە قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## ھېكايەت

شەھەردە بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر دانىشمەن بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، ئىلمىي پەلەكىيات ۋە ئىلمىي ئادەمىيات ھەققىدە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. بۇ دانىشمەنىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان

يىراق شەھەرلىك بىر دانىشمەن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەسىلىدە بەسلىشىش مەقسىتىدە دانىشمەنىنىڭ ھۇزۇرىغا يول ئاپتۇ. شەھەرگە يېقىن بىر مەنزىلدە دانىشمەنىنىڭ شاگىرتى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. يىراق شەھەردىن كەلگەن دانىشمەن ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مەقسىتىنى شاگىرتقا ئېيتىپتۇ.

— ئۇستازىم ئېتىكاپتا ئىدى، مەنزۇر كۆرمىسىلىرى سوئاللىرىغا تەييارمەن، — دەپتۇ شاگىرت. يىراقتىن كەلگەن دانىشمەن شاگىرتنى كۆزگە ئىلمىغاندەك كەيپىياتتا ئۇنى مەسخىرە قىلىش مەقسىتىدە، شاگىرتقا قاراپ ئۆزىنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپتۇ. شاگىرت دەرھال تىلىنى كۆرسىتىپتۇ. دانىشمەن دەرھال يۈزىنى كۆرسەتسە، شاگىرت شۇ ھامان ئېغىزىنى كۆرسىتىپتۇ. دانىشمەن نېمە قىلارىنى بىلمەي سەپەرداشلىرى بىلەن كەلگەن يولىغا چۇشۇپتۇ. قونالغۇغا بارغاندا دانىشمەنىنىڭ شاگىرتى سوراپتۇ:

— ئۇستازىم، دانىشمەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدۇق، شاگىرتى بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ ھېچبىر گەپ قىلىشمايلا قايتىپ قالدۇققۇ؟!

— گەپ قىلمىغىنىمىز نېمىسى، مەن ئۇنىڭدىن باش نېمىدىن كېتىدۇ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ تىلدىن دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن يۈز نېمىدىن كېتىدۇ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ نەپسىتىن دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەقسەتلىرىمگە ئېرىشىپ بولدۇم. شاگىرتى بۇنداق چاققان، ھازىر جاۋاب تۇرسا ئۇنىڭ ئۇستازى نېمە بولماقچى ئىدى، — دەپتۇ دانىشمەن.

نەپس يولى گۇمرانلىق يولى بولۇپ، نەپسىگە بېرىلگەن كىشىدىن ھېچ كىشى رازى بولمايدۇ. نەپسانىيەتچىلىكى تۇپەيلى ئۇ ئۆزىنىمۇ رازى قىلالمايدۇ. نەپسانىيەتچىلىك يولى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ يۈزىنى ئۆزى قارا قىلىش يولىدۇر. شائىر مۇنداق

خۇلاسە چىقىرىدۇ:

يوق مېنىڭدەك شۇم ۋە بالا ئالەم ئارا،
ھېچ بولمەدى مەندىن رىزا خالىق خۇدا،
ئەمدى بولدى ئاخىر مېنى يۈزۈم قارا،
ۋا ۋەيەلتا ئول نىگا بولدۇم مانا.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن قارىغاندا، كۆپچىلىك شائىر، يازغۇچىلىرىمىز نەپسىنىڭ ئىنسان ھاياتىغا كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى يازمىلىرىنىڭ تېماتىكىسى قىلىپ تاللىغان. رىئاللىقنىڭ رەھىمسىزلىكى، نەپسىنىڭ ئادەم ئىززىتىنى قىرقىغۇچى رەھىمسىز قوش تىغ ئىكەنلىكى بىلدۇرۇش ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىزچىللىققا ئىگە تېمىلارنىڭ بىرى بولغان. نەپس شۇنداق يامان بىر ئاپەتكى، ئۇ ئادەمنى تۈيدۇرماي ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئادەمدە نەپس ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەندە شەخسىيەتچىلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ مەقسىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈۋېلىپ، ھاياتقا تاتلىق ئۈمىد بىلەن قارايدىغان ئىزگۇ خىياللارنىڭ ئورنىنى مەنپەئەتپەرەسلىك ئىگىلىۋالىدۇ. بۇ ياشاشنىڭلا ئەمەس بەلكى ھايات كەچۈرۈشنىڭمۇ ئەڭ پەسكەش شەكلى.

## ھېكايەت

يۇقىرىقى قۇرلارنى يېزىۋېتىپ بىر كۇنى كۇتۇپخانىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىگە ماتېرىيال ئىزدەپ باردىم. ئىككى خىزمەتدىشىم بىر نەرسە تالىشىپ تۇرغان ئىكەن، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپلا ماتېرىيال ئاختۇرۇش بىلەن بولدۇم. بىردەمدىن كېيىن بىر خىزمەتدىشىم مېنى چاقىردى. مەن



www.uyghurkitap.com

دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم.
— سەندە كىتاب جاھازىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.
— بار، كىتابلىرىمنى شۇنىڭغا رەتلىك تىزىپ ساقلايمەن، — دېدىم مەن.
— ياق، مەن ئۆيدىكى كىتاب جاھازىسىنى دېمىدىم، ئىشخانىڭدا كىتاب جاھازىسى بارمۇ دەپ سوراۋاتىمەن.
— ياق، ئىشخانىدىكى كىتاب جاھازىلىرىنى ئۆتكەندە مەكتەپنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى بولغاندا، كۆرۈنۈشى سەتكەن، باھالىغۇچىلارغا يامان تەسىر بەرمىسۇن دەپ، ئامبارلاشتۇرۇۋەتكەن ئەمەسمۇ؟ ھەممە ئىشخانىدىكىلەرنى يىغىۋالغان، — مەن ھەيرانلىق بىلەن جاۋاب بەردىم.
— گەپ مۇشۇ يەردە، — دېدى يەنە بىر خىزمەتدىشىم، — بىزنىڭ ئىشخانىدا ئىككىمىز بىر ئىشكاپنى ئىشلىتىۋاتاتتۇق، دەل شۇ مەزگىلدە ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ بىر ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ، باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەكىلىۋېلىڭلار، دېدى. باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشمۇ ئاخىرلاشتى. كىتاب جاھازىسىنى ئەكىلىۋالايلى دەپ قارىساق، بۇ ئاغىنىمىز ئىشخانىسىغا ئەكىرىۋاپتۇ. بىرسى ئەمەس ئىككىسى بار ئىكەن. بىز ئىككى ئادەم بىرنى ئىشلىتىۋاتىمىز، سەن يالغۇز ئىككىنى ئىشلەتمەي بىرنى ئىشلىتىپ، ئۆزىمىزنىڭكىنى قايتۇرۇپ بەرگىن، دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ.
— مانا ماۋۇنىڭدىمۇ (مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) كىتاب جاھازىسى يوق ئىكەن، نېمە بولۇپ سەندە كىتاب جاھازىسى بار بولىدۇ؟! — ھېلىقى خىزمەتدىشىم تەئەددى قىلغان ھالەتتە ئاچچىقلىنىپ دېدى.
— سەن سېنىڭكىمۇ مېنىڭ، مېنىڭكىمۇ مېنىڭ دېمەكچىمۇ سەن؟ نەپسانىيەتچىلىكىنى مانىڭ، — دېدى يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

خىزمەتدىشىم.

مەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلىكتىن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىكنىڭ تۈرلۈك شەكىللەردە يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرى ئىچىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، ئۇنى تۈزەتمىسە ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەنلەرنىڭ مەڭگۈلۈك روناق تاپالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

ئابدۇراھمان جامى ھەزرەتلىرى «باھارىستان»دا ھېكمەت قىلىدۇ:

«ھەسەت قىلماق ھەمىشە كۆلپەت كەلتۈرىدۇ ۋە ئۆز پەرۋەردىگارىغا نىسبەتەن خۇسۇمەت قوزغىتىدۇ، باشقىلارغا نېمىلا بەرگەن بولسا، ئىچى ئېچىشىدۇ ۋە باشقا ماللىرىنى ساقلاش غېمى بىلەن بەند بولىدۇ.

ئۆزگىلەرگە ھەسەت قىلىش ئەقىلدىن ئەمەس،
ئەسلى كەتمىگەيسەن ئەقىل ـ ئىدراكتىن يىراق.
خەلقتىن تەمە كۈتمە، ھەسەت ـ ئەلەم ئاساسى،
تەمە قىلما، ئەلىمىڭ بولغاي بىساناق.

دانىشمەن يەنە شۇنداق ئېيتتى: ھېممەتلىك كىشىلەر بايلىقتىن دوستلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇر. ئەقىلسىز خەسىسلەر ئۇنى دۈشمەنلىرىگە قالدۇرۇپ كېتۇر.

ھەر نە كىرسە ھىممەتلىك مەرد قولىغا،
چاچار دوستلار ئايىغىغا بارچەسىن.
ئۆزى ئۆلگەچ، دۈشمەنلىرى بۆلۈشەر،
خەسىس كىشى تېرىپ يىغقان نەرسەسىن.»

ئۇلۇغلار: قېرىنى ئۇچۇن قايغۇرغانلارنى قارا تۇپراق قارنىغا ئېلىشتىن قورقىدۇ، دېيىشكەن ئىكەن. ھاياتلىقتا نەپس ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلسە مەنسەپپەرەسلىك، ئابرۇيپەرەسلىك، دۇنياغا ھېرىسمەنلىك ئىللەتلىرى ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. ئەل شادلىقى ۋە ئۆز كۆڭلىنىڭ ئاۋاتلىقى ئۇچۇن ھەر قانداق ئىنسان نەپس قەسرىنى بۇزماقنى ئۆزىدىن باشلاش لازىم.

بىز يەسسەۋى شېئىرىيىتىدىن روھىيەت ۋە جىسمانىيەت ئالەمىنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى نەپس ئىكەنلىكى بىلىمىز. يەسسەۋىدىن كېيىنمۇ نەۋائىي قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شائىرلار نەپسنىڭ ئىنتايىن يامان دۈشمەن ئىكەنلىكى ھەققىدە تەلقىن قىلغان. شائىر بابۇر:

ئۆمۈر غەپلەت بىرلە ئۆتكۈزمىشمەن،
نەپس بۇيرۇقى بىلەن بارمىشمەن.

دەپ يازغان. شائىر ئۆمرىنىڭ «نەپس بۇيرۇقى» بىلەن ئۆتكەن چاغلىرىنى ئەسلەپ، يۈرىكى دەرد ـ ئەلەمگە تولۇپ:

بۇ نە ئۆمرۇ بۇ نە باالىغدۇر،
بۇ نە تەۋرۇ نە يۈز قارالىغدۇر.

دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. مانا بۇ شۇنداق ئوچۇقچىلىق ۋە روھىي ئازادلىكتە شەھۋەت نەپسىنىڭ دۈشمەنلىكىنى تەن ئالغان دانانىڭ ئۆز نەپس ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشى!

خۇلاسە كالام، ھەزرىتى ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئىنساننىڭ ئومۇمىي خىسلەتلىرىگە، غايىلىرىگە سادىق بولغان كېيىنكى ئەللامەلەر قەلبىدە سولماس ۋە يۈكسەك روھ ئۇچۇن ۋىجدانەن جاۋابكارلىق ئىدىيىلىرى ھەممىشە نۇر چېچىپ تۇرغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# نادانلىق ــــ ياۋۇزلۇق

پــــازىللارنىڭ تۇرمـــــۇش تـــــەجرىبىلىرىدىن، هايــــات سەرگۈزەشتىلىرىدىن چىقارغان يەكۈنى: هاياتلىق دۇنياسى ئىزگۇ ۋە ياۋۇزلۇق دۇنياسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىكەن. ئىزگۇ (ياخشىلىق) دۇنياسى بىلەن ياۋۇزلۇق دۇنياسىنىڭ ئارىلىقى مۇساپە جەھەتتە قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىنمۇ يېقىن. ۋاقىت جەھەتتە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت بولىدىكەن. ئېرىشمىكى تەس بولغىنى ئىزگۇ دۇنياسى بولسا، بۇزماققا ئەڭ ئاسان بولغىنىمۇ ئىزگۇ دۇنياسى ئىكەن، ئىزگۇ ــــ هاياتقا مەنە بەرگۈچى پەزىلەت، ئىزگۇ ــــ ئۆمۈردىن نىشانە بەرگۈچى ئابىدە، ئىزگۇ ــــ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىززىتى، ئىزگۇ ــــ پەرزەنتنىڭ هۆرمىتى، ئىزگۇ ــــ ئىلىمنىڭ نۇرانە چىراغلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ قەلب قاراڭغۇلۇقىنى ئەقىل شامى بىلەن يورۇتىدۇ. ئىنسان ۋۇجۇدىدا قانچىلىك ئىزگۇ ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن بىلىمدىن چىچىلغان ئۇرۇقنىڭ مېۋىلىرىدىن هېسابلىنىدۇ. ئىنسان هاياتىدىكى بارلىق پەسلىك، جاهالەت ۋە رەزىللىك نادانلىقنىڭ مەهسۇلى. نادانلار بىلەن ئۇلپەت بولۇش، نادانلار بىلەن هەمسەپەر بولماق ئاقىلنىڭ ئۆمرىگە ئۇرۇلغان تىغ. بۇنداق ئاقىللار نادانلاردىنمۇ ئارتۇق نادانلاردۇر. نادانىنىڭ قولىدىن هەر بالا كېلىدۇ. تارىخنامىلەرگە قارىساق، دۇنيادىكى بارلىق

سەلتەنەت قاتىللىرى قۇربى يەتمىگەن مەقسەتلىرىگە نادانلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئېرىشكەن.

— دادا، ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي. نادان دېگەن كىشى مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ياكى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن يېشىغا مۇناسىپ پىكىر يۈرگۈزەلمىگەن كىشىلەرنى كۆرسىتەمدۇ، ياكى....

— ناھايىتى ئوبدان سورىدىڭ ئوغلۇم، تۇرمۇشىمىزدا بىز دائىم مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئەقىل يېشىغا توشمىغان، مەسىلىلەرگە ئەقلىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرالمايدىغان كىشىلەرنى نادان دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن، مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئەقىل يېشىغا توشمىغان، مەسىلىلەرگە ئەقلىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرالمايدىغان كىشىلەرنى نادان دەپ ئاتاش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. مېنىڭچە، ئەقىدىسى بولمىغان، مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋەتىنىگە، خەلقىگە، مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلغان، دوستلۇق رىشتىنى ۋاپاسىزلىق تىغى بىلەن كېسىپ تاشلىغان كىشىلەرنى نادان كىشىلەر دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. كونىلاردا ئاسىينى يەر قويىنىغا ئالماپتۇ دېگەن گەپ بار ئىدى. ئۇ نېمىگە ئاسىيلىق قىلغان؟ مۇقەددەس ۋەتەن، ئۇلۇغ خەلق، ئەزىزلىگەن مىللەت، ھەمدەم بولغان خالىس نىيەت دوستلۇق. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاسىيلىق قىلىش نىشانى بولغان. دۇنيادا ئەڭ ئازابلىق ئىش بار دېسە، دوستانىسىزلىق، خەلق ۋە مىللەت ئۆز ئارىسىغا ئالماي، ياقا يۇرتلاردا ۋەتەنسىز يۈرۈش دېسە قىلچە خاتاسى يوق. ئەشەددىي نادانلار ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز، خەلقى ئارىسىدا خەلقسىز، مىللىتى ئارىسىدا يۆلەكسىز قېلىش، دوستلار ئارىسىدا دوستسىز قېلىش بولىدۇ. بۇنداق

كىشىلەرنىڭ قولىدىن ھەر قانداق رەزىللىك كېلىدۇ.

## ھېكايەت

يۈز بېشى ناھايىتى زالىم ئىكەن ۋە ھەيۋە بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىدىن ھېيىقتۇرۇپ قورقۇتىدىكەن. مەقسىتى يۈز بېشىلىق مەنسىپىۋدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىكەن. مەھەللىدە كىشىلەر ئۇنىڭدىن چاياندىن قورققاندەك قورقىدىكەن. كىشىلەر مەلۇم بىر ئىش تۈپەيلى ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە ئىشەكلىك بولسا ئىشەكتىن، ھارۋىلىق بولسا ھارۋىسىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۆتمىسە، ئۇ شۇ زامانلا تىل سېلىپ ھاقارەتلەيدىكەن. يۈز بېشىنىڭ ناھايىتى ئەسكى بىر قانجۇقى بار ئىكەن، ئىشىك ئالدىدىن پىيادە ئۆتكەن ھەر قانداق ئادەمنى چىشلەپ مەھەللىدىن ئۆتكىلى قويمايدىكەن. يۈز بېشى تېرىم - يىغىم مەزگىللىرىدە جامائەتنى يىغىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلدۇرىدىكەن، يۇرتقا سۇ كەلسە ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىنى قاندۇرۇپ ئاندىن باشقىلارغا بېرىدىكەن. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز بىر ئادەم بىر كەتمەن توپا، بىر ئوتلام سۇ ئالالمايدىكەن. بىر كۈنى يۇرتقا توساتتىن كەلكۈننىڭ ساقىندىسى كەپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بىر قانچە ياشلار ئېچىقلىرىنى راسلاپ، سۇنى ئېتىزلىرىغا باشلاپتۇ. شۇ ھامان يېتىپ كەلگەن يۈز بېشى مەندىن بىرۇخسەت سۇنى ئۆزۈڭ ئېچىۋېلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ دەپ، قولىدىكى كەتمەن بىلەن بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىسىگە بىرنى قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم تىن تارتماي جايىدىلا جان ئۈزۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق غەزەپتىن

يېرىلغۇدەك بولغان بولسىمۇ، لېكىن قورقۇپ بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. ئۇ مەھەللىدە توي ـ تۆكۈن بولسا، ئاۋۋال قىزنى مەن نەزىرىمدىن ئۆتكۈزىمەن دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. ئۇنىمىسا يىگىتنى هاشارغا ھەيدەش يولى بىلەن مەقستىگە يېتىدىكەن. مەجبۇرىيەتنىڭ قاتتىقلىقى، ئالۋان، سېلىقنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلى خەلقنىڭ ھالى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىشىپ، ئىشتىنى تىزىدىن، چاپىنى بېلىدىن ئاشىپتۇ.

— خۇدا بۇ تۇزكورلۇقنى كۆرمەمدىغاندۇ؟ بۇنىڭ زۇلمى بەك ئېشىپ كەتتى، ئون ئۆيدە بىر قازان قويمىدى، ۋاقتىسىز ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، — دېيىشىپتۇ كىشىلەر. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان يۈز بېشى بىر بۆلەك كىشىلەرنى يىراققا هاشارغا ھەيدەپتۇ. كەلگىچە ئۆيلىرنى مەجبۇري چېقىپ، ئېزىنى يوقىتىپتۇ. خەلق ئۇنىڭدىن بەكمۇ بىزار بولۇشۇپتۇ. ئۇنى قارغاپتۇ، ئۇرغۇسى كەپتۇ ـ يۇ، بىرسى جۈرئەت قىلالماپتۇ. ھالا بىر كۈنى ئۇنىڭغا خەلقنىڭ قارغىشى يېتىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىپتۇ. جىنازا نامىزىغا بارمايمىز، دەپ ۋەدىلەشكەن جامائەت توساتتىن گۈرريدە ئولىشىپ، مېيىتنى جىنازىغا ئېلىپ يەرلىككە قويۇشقا ئالدىراپتۇ. ئۇلار: بالدۇرراق دەپنە قىلمىساق، تىرىلىپ قېلىپ بىزنى يەنە ئامانىمىزدا قويمايدۇ، دەپ قارايدىكەن. شۇنداق قىلىپ مېيىت يەرلىككە يېتىپتۇ. ئادەت بويىچە ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۇپراق بېشىغا بارايلى دەپ ئايالى دەرۋازىنى ئاچسا، بوسۇغىدا ئۇنىڭ كاللىسى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايال ھوشىنى يوقىتىپ تىرىكلىگىدە ئارقىسىغا ئۇچۇپ يىقىلغانچە ئىككىنچى ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. ئەسلىدە تەكشۈرسە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەھەللىلىك

بالىلارنى، چوڭلارنى تالاپ ئادەم گۆشگە ئۆگىنىپ قالغان قانجۇقى مەھەللىنىڭ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مىيىتتىنىڭ يەرلىكىنى تاتىلاپ كولاپ ئېچىپ جەسەتنى تىتىپ، تالاپ يەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى قانجۇق كاللىنى باشقا ئىتلاردىن قىزغىنىپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بۇ ھالەتنى كۆرگەن كىشىلەر تووۋا! دەپ ياقىسىنى چىشلەپ: «يەر قويىنىغا ئالماپتۇ» دېگەن مانا مۇشۇ! دېيىشىپتۇ. مانا بۇ ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز قىلىش، مانا بۇ مىللىتى ئارىسىدا يۆلەنچۈكچىسىز قىلىش، مانا بۇ، دوستلىرى ئارىسىدا دوستسىز قىلىش! نادانلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

شائىر ھېكمەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاكتۇئال تېمىلارنىڭ يەنە بىرى پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئىلىم ئىگىلەپ نادانلىقتىن قۇتۇلۇش.

شائىرنىڭ قارىشىچە نادانلىق بارچە ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنى تۈگەتمىسە ئىنسان روھى پاكلانمايلا قالماستىن، ھەمسەپەر مۇشۇ تۈپەيلى ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدۇ:

ئايا دوستلار نادان بىرلەن ئۇلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ ئۆلدۇم مانا.
توغرى ئېيتسام ئېگرى يولغە بوينىن تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىغە تويدۇم مانا.

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۆمرۈڭ نارى سەقەر،
نادان بارسە دەۋزەخ ئاندىن قىلغاي ئەزەر.
نادان بىرلە دەۋزەخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خازان يەڭلىغ سولدۇم مانا.

ئىلمى ھېكمەت ئالىملىرى دۇنيادىكى بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تۇپلۇك مەنبەسى نادانلىق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. دۇنيادىكى بارچە ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى بىلىمدىن بولسا، بارچە يامانلىق ۋە رەزىللىكنىڭ باشلىنىشى نادانلىقتىن بولىدۇ. نادانلىق ئەۋج ئالغان زاماندا ياخشىلىقنىڭ ئۆمرىگە نۇقسان يېتىپ، نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب ئەخلاق ئىگىلىرى نادانلىقنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. بىز سۆيۈپ ئوقۇۋاتقان كىتاب بىزگە بارچە گۇناھكارنىڭ جازا مەيدانى دوزاخ؛ دوزاختا بۇ دۇنيادا كىشىلەر جازا بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى جازالاشتىن تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغان كىشىلەر يېتەرلىك ئازابقا ئۇچرايدۇ. دوزاخ گۇناكارنى جازالايدىغان ئادىل مەيدان، دەپ تونۇساق، يەسسەۋىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاشۇ رەھىمسىز، ئادىل دوزاخمۇ ئاشۇ ناداندىن قورقىدۇ. دوزاخ قاچقان ناداندىن ئادەم ئەلۋەتتە نېرى تۇرۇشى، ئۇنى ئاشۇ يول ئارقىلىق يېتىم قالدۇرۇشى لازىم. شائىر يەسسەۋى نادانلىقنى يالغۇز ئىلىم ئىگىلىمەسلىك بىلەنلا چەكلەپ قويمىغان. شائىر نادانلار قاتارىغا يەنە مەنمەنچىلىك قىلىش، زۇلمەت ئىچىدە رىيازەت چېكىپ، يولدىن ئادىشىپ قالغاندا ياخشى نىيەت بىلەن خالىس مەسلىھەت بېرىشتىن باش تارتىپ، سېنىڭ زار قاقشىشىڭ بەدىلىگە ئۆزى قاقاقلاپ كۈلۈشنى كەسىپ قىلغانلار؛ بىراۋنىڭ خەير ـ ساخاۋەت داستىخىنىدىن قارنى توق تۇرسىمۇ نېسىۋە تەمە قىلىدىغان ئاچ كۆز، زامان زۇلمىدىن رەنج تارتقان مىسكىن كۆڭۈلنى ياخشى گەپ بىلەن ئاۋۇندۇرۇش ئورنىغا ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازار بېرىش قاتارلىق ناتوغرا ئىشنى ئادەت قىلىۋالغانلارنى تىزىدۇ. ئۇلارنى ئىنسان ئەخلاقىنىڭ رەھىمسىز قاتىللىرى دەپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق مال ـ

www.uyghurkitap.com

مۇلۇكىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان، كۆرگە ئىلمايدىغان دۇنياخۇمار كىشىلەرنى نادانلارنىڭ ئەڭ جاھىل نادانلىرىدىن دەپ تونۇيدۇ:

دۇنياسىغە مەغرۇر بولۇپ يۈرگەنلەر،
ھەيۋان ئېرۇر بەلكى ئاندىن بەتتەر ئەرمىش.

شائىر كىشىلەر ئارا مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇش بىلەن بىرگە، ھاياسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىق قاتارلىق ھاۋايى ھەۋەسلەرنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن زارلىنىدۇ، نادانلىقتىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ، ئۇنىڭ دىدارىغا قاراشتىنمۇ يىرگىنىدۇ:

يەر ئاستىغە قاچىپ كىردىم نادانلاردىن،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن.
غەرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن،
دانا تاپماي يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

مانا بۇ ناداندىن يىرگەنگەن ئىنساننىڭ داناغا سۆيۈنگەن يالقۇنلۇق يۈرىكى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى دانا ئۈچۈن تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرغان، روھىيەت دۇنياسى خەلق مەنپەئەتى ۋە ئالىي ھىممەت ئۈچۈن پاكلانغان، زامان زۇلمى، ئىنسان جىنايەتلىرىدىن زارلىنىپ، كىشىلەرنى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەۋاتقان ئالىيجاناب روھ ! شۇڭا شائىر:

قايۇ يەردە ئەزىزلارنى جەمئى بولسە،
ئەشۇ يەردە ھال ئىلىمنى ئەيغۇم كېلۇر.
ئۇلارنى سۆھبەتىنى خۇشلاسەم مەن،
ئۆزۈمنى ئۆزلەرىغە قاتقۇم كېلۇر.

دەپ يازغان.

ئوغلۇم ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەر قانداق بىر جانلىقنىڭ ئۆز تائىپىسى بولغاندەك، نادانلىقنىڭمۇ ئۆز ئىقلىمى بار. روھى راك، ئەقلى مەجرۇھلار بىر تائىپىدە جان باقىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قوللايدۇ، مەدەت بېرىدۇ، كۆچلۈكى ئاجىزىنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ، ئاجىزىمۇ كۆچلۈكىنى دائىم ياد ئېتىپ، سېغىنىپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق بىر دەۋردە نادانىنىڭ راھىتى، دانانىڭ ئازاب ـ كۆلپىتى بولغان كىبىر، مەنمەنلىك، كۆز ـ كۆز قىلىش، تەمەننا قاتارلىقلار نادانلىقنىڭ مېۋىسى. بۇ مېۋىنى تېتىپ، ئۇنىڭدىن لەززەت ئالغان ئادەم مېھنەتنى ئۇنتۇيدۇ. ئەھمەد يەسسەۋى ھەزرەتلىرى:

دۇنيادارلار مالىن كۆرۈپ ھەۋا قىلۇر،
مەنمەنلىكتىن ئول داۋايى خۇدا قىلۇر.

دەپ چۇقان سالغاندا، مەنمەنلىكى تۇپەيلى «خۇدالىق دەۋاسى» قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان مەخلۇق سۈپەت كىشىلەردىن يىرگىنىشنى، ئەنە شۇنداقلارغا نەپرەتلىنىشنى كۆزدە تۇتقان. بۇ يۈكسەك ئالىيجانابلىق ۋە خەلقپەرۋەرلىك !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دىل ئازاردىن ئىنسان بىزار

فېئودالىزىملىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى چوڭ ئارىلىق تاشلانغان ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە كەمبەغەللەر بىلەن بايلار، ئابرۇيلۇقلار بىلەن ئاجىزلار ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىجتىمائىي ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم تۈپەيلى بۇلارغا تۇتۇلغان مۇئامىلە ۋە پەرق ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىنى شەرھلەپ ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆز مەقسەت ئېھتىياجى ئاساسىدا كىشىلەرگە سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دىنىي تەسەۋۋۇپچىلار كۆچىيىپ، خەلقنى تۈرلۈك يول بىلەن شىلىشقا تەييار تۇرغان ئىجتىمائىي شارائىتتا شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ تۆۋەن تەبىقە ھېسابلانغان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، ئۇلارغا شەپقەت تىلىشى كۆپ ئىلغارلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شائىر گەرچە ئۆزى سوپىزمنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى تۇرۇپمۇ دىنىي ۋە سوفىستىك تەشۋىقات ئۇسۇلىنى فېئودال ھاكىمىيەتلىك ئىدىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماستىن، بەلكى دىنىي يول بويىچە، خەلققە مېھرىبانلىق قىلىشنى، شەپقەت تىلەشنى ئۆز يولى بويىچە

ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ:

غەرىب، پېقىر يېتىملەرنى قىلغىل شادىمان،
خۇلقلەر قىلىپ ئەزىز جانىڭ قىلغىل قۇربان.
تۆئمە تاپساڭ جانىڭ بىلە قىلغىل مېھمان،
بۇ سۆزلەرنى ھەقتىن ئىشتىپ كەلدىم مانا.

مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىپ ياخشى ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا جان تەسەددۇق قىلىش، ئۆز قولىدىكى ياخشى نېمەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى «ھەق»نىڭ بۇيرۇقى ھېسابىدا كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىش خەلق قوش زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتى ئۇچۇن ئېيتقاندا خەلقپەرۋەرلىكنىڭ روشەن ئىپادىسى. شائىر يەسسەۋى نەزىرىدە تەڭرى يولى بارلىق ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزنىڭ ئەڭ توغرا، تۈز ۋە ئادىل بولغان مىزان - ئۆلچىمى. ئاشۇ مەۋھۇم ئوبراز چۈشەنچىسىدە شائىر تەرىپلەۋاتقان «ھەق ئىش»ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەققانىيەت ئۆلچىمى ئاشۇ مىزانغا تەڭلەشتۈرۈلۈپ، ئاشۇ مىزان بىلەن ئادىمىيلىك ئۆلچىنىدۇ. ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ يولى ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئېسى - يادى بىلەن ھەق ئىش قىلىشقا ئىنتىلىش، شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۇزۇل - كېسىل قول ئۈزۈپ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن مەقسەتكە يېتىشنى كۆزلەش. شائىرنىڭ قەلبىدە مۇشۇ مەقسەت غەليان كۆتۈرگەن ئىكەن، ئۇ «مەن» تەسۋىرىدە بىغەملىكنى ئادەت قىلغان بىر كىشىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك تۇرمۇشى ئارقىلىق كىشىلەرگە

نادانلىقنىڭ نادامەتلىك ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ بېرەلىگەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ نادانلىقى تۈپەيلى تۈرلۈك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولغانلىقتىن قەلبى پۇچىلانغان شائىر ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىلىم-مەرىپەتلىك بولۇشنى چىن دىلى بىلەن ئۇلۇغلاپلا قالماستىن، ئۇنى كەڭ تۈردە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ:

مۇھەببەتنىڭ دەرياسىدە غەۋۋاس بولۇپ،
مەئرىفەتنىڭ گەۋھىرىنى ئالغۇم كېلۇر.

ئۇنىڭ قارشىسىدا ياتقان غاپىللىق ۋە غەپلەتنى قاتتىق ئەيىبلەپ:

سۇنمە غەپلەتكە بويۇن غەفلەت سېنى گۇمراھ ئېتەر،
كىمكى سۇنسە بويىنىنى غەفلەت ئانى زىنكار ئېتەر.

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەرىپەت قارىشىنى تېخىمۇ ئېنىق شەرھلەپ، مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلىقىنى تېخىمۇ تېرەن مەنىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز-ئۆزىگە خىتاب قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلىملىك ئەردىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ:

ئىلكىڭدىن كەلسە قىلا كۆر خوجە ئەھمەد ئەر ئىشىن،
ئەر ئىشىن قىلغان كىشىنى ھەر ئىشى ھەققە ياقار.

«ئەر» دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيەت «ئەر» لىك

خۇسۇسىيەت بولىدۇ؟ شائىر ئەھمەد يەسسەۋى كۆزدە تۇتقان «ئەر» پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەل، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۆيۈنگەن، تۈل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، غېرىب ـ مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئۇلارغا ھىممەت كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەشتە خالىس نىيەت بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇ خىل ھىممەت بىلەن مەنىۋىيىتىنى كامال تاپقۇزغان خۇسۇسىيەت «ئەر» لىك خۇسۇسىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا شائىر ھېكمەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۆزىگە خىتاب شەكلى ئارقىلىق «ئەر» لىك خۇسۇسىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئالىدۇ. شائىرنىڭ ھېكمەت شەكلى بىلەن بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى تەلقىنلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىپ تاللىشى دىنىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە زۇلمىدىن ئىبارەت قوش زۇلۇم ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان خەلققە ھېسداشلىق قىلىش، زالىم، مۇرۇۋۋەتسىز كىشىلەرنى ئادالەت ۋە ھىممەتكە چاقىرىپ، ئەل ئارا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنگەن، مېھىر-مۇھەببەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا شائىر رەزىللىك بىلەن ئەزىزلىكنىڭ مەنبەسىنى روشەنلەشتۈرۈپ، «ئالىملار ئىلمى بىرلەن بولدى ئەزىز، جاھىللار جەھلى بىرلەن قالدى ئاجىز» دەيدۇ.

شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتسەك، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنى يېپىنچىلىرى ئاستىدا يوكسەك شىجائەت بىلەن تولغان خەلقپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىستىك روھنىڭ جۇلالاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شائىر ياشىغان دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىنىي تونىنى يېپىنماي تۇرۇپ بۇ مەقسەتكە يېتىشمۇ

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ يەسسەۋىدەك ئۆز ئالدىغا سۇلۇك پەيدا قىلىپ، شۇ يول ئارقىلىق مەلۇم بىر بىر مەقسەتنى كۆزلىگەن شائىرلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. شائىر يەسسەۋى ئۆز شېئىرلىرىدا يۇقىرىقىدەك ئىلغار خاھىشنى جانلىق شېئىرى سۈژىتلار قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، يەنە مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدىكى جەننەت ۋە دوزاخ ئوبرازلىرىنى يارىتىپ ئۇلارنىڭ كونكرېت دىئالوگلىرى ئارقىلىق زامانىسىدىكى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ:

بېھىش ـ دوزاخ تالاشۇر تالاشماقىقا بايان بار،
دوزاخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، مەندەفىرئۇن ھامان بار.
بېھىش ئەيتۇر نە دەرسەن، سۆزنى بىلمەي ئېيتارسەن،
فىرئۇن ھامان سەندەدۇر، مەندە يۇسۇپ كەنئان بار.
دوزاخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، بىخىل قۇللار مەندە بار،
بىخىل قۇللار بويىنىدا ئوتلۇق زەنجىر ـ كىشەن بار.
بېھىش ئەيتۇر مەن ئارتۇق، موئمىن قۇللار مەندە بار،
موئمىنلەرنىڭ ئالدىدا تۈرلۈك نېمەت، ئەلۋان بار.
دوزاخ ئەيتۇر مەن ئارتۇق، مۇنافىقلەر مەندە بار،
مۇنافىقلەر بويىنىدا ئوتتىن ئىشكەل ـ كىشەن بار.
بېھىش ئەيتۇر مەن ئارتۇق، ئالىم قۇللار مەندە بار،
ئالىملارنىڭ كۆڭلىدە ئايەت، ھەدىس، قۇرئان بار.

دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئۆزئارا دىئالوگلىرىدىن ناھايىتى ئېنىقكى، مۇناپىقلىق، زالىملىق، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق ۋە

مەنمەنچىلىك چوڭقۇر ئەيىبلىنىپ، ئازاب لاگېرى ــــ دوزاختا جازاغا تارتىلىپ قاتتىق قىينىلىنىدۇ. پەقىرلىق، ئالىملىق، مۆمىنلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى خاھىش، ئىسىل كەيپىيات ئىگىلىرى مەدھىيىلىنىپ، ئۇلار تىگىشلىك ھۆرمەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تەسۋىرلىنىپ، ئاخىرى يامانلىقنىڭ زادى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقى بىشارەتلىنىدۇ. ھارامخا ئۆگەنگەن، پارىخور ئەمەلدارلار، قولغا كەلگەن بايلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئۆزىدىن تۇرمۇش جەھەتتە تۆۋەن تۇرغان كىشىلەرنى مەنسىتمەي، ھاكاۋۇرلارچە گىدىيىۋالغان بايلار، ھەممىشە مەنسەپ تەمەسىدە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىماي، يۇقىرىنىڭ تاپىنىنى يالاپ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەلدارلار ھامان دوزاخنى ماكان قىلغۇچىلار، دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلىدۇ. شائىرنىڭ بۇ يەردە «تۇپراق ئاستىدا قالمىشلار» دېگىنى ئۆلۈمدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىك بولۇپ:

مىسكىن قۇللار، سادىقلار، سىدقى بىرلە تۇرغانلار،
دۇنيالىغىن سەرپ ئېتىپ ئۇچماغ ھۆرىن قۇچمىشلار.

دىن ئىبارەت جەننەت ھۆرلىرى بىلەن جەم بولغان مېھنەتكەش خەلق بىلەن ئىككى تائىپىنى روشەن سېلىشتۇرىدۇ. بىرسى ئۆز پېئىلىنىڭ ياخشىلىقى، سەمىمىيلىكى، ساداقەتمەنلىكى ۋە دوستلۇقى بىلەن جەننەت ھۆرلىرى بىلەن جەم بولسا، يەنە بىر تائىپە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى دوزاخنى ماكان قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىۋاتىدۇ.

رېئال دۇنيادا گەرچە دوزاخ بىلەن جەننەت ھېچقانداق كىشى كۆرۈپ باقمىغان خىيالىي ماكان بولسىمۇ، لېكىن نەپسانىيەتچىلىك ۋە قارا كۆڭۈللۈكى بىلەن ئەقىدىسىزلىكنىڭ دەردىنى يورۇق دۇنيادا تارتقان كىشىلەرنىڭ ئازابى ئوخشاشلا ئۇ دۇنيا دوزىخىدىن قېلىشمايدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇ ھالەتنى دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» سۆزىتلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار بىلەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىدىيىۋى ھېسسىيات جەھەتتە يۈكسەك دېموكراتىك روھنىڭ سەمەرىسى ئىكەنلىكىنى، ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا خېلى بۇرۇن ئويغانغان ئۇلۇغ ئىستەكنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

«ئەھمەد يەسسەۋى ھەسرىتى چەكسىز شائىر » (ئىبراھىم ھەققۇلوف)، ئۇمرىدە خەلق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا زامانىسىدىكى ناھەقچىلىق، نادانلىق، ئەخلاقسىزلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئەدەپ كېتىشىدىن ھەسرەتلىنىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئوت ئاچقان مەردانە شائىر. بۇ ھال ئۇنى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق ئاممىسىنى تولۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. زاھىتلىق قىلىش بىلەن تۇرمۇش قامداش يولىنى تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن زاھىتلىقنى خەلقنى شىلىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالغان سوپى ـ زاھىتلارغا مەسخىرە كۆلكىسى بىلەن نەزەر تاشلاشقا ئادەتلەندۈرگەن. شائىرنىڭ ئىلغار دېموكراتىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى مانا مۇشۇ نۇقتىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ:

سوفىلىق شۇنداقمىدۇ دائىم ئىشىك ئىسيان بىلەن،
دانەئى تەسبىھ قولۇڭدا تىللارىڭ غەيبەت بىلەن.

دائىما كەبلەر ئۇرارسەن نەفس بەد ئىززەت بىلەن،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفى نەفس ئۇچۇن ھەردەم ئىشىككە باقاسەن،
نەزىر ئالىپ كەلدىڭمۇ دەپ ئارقاسىغە قاقاسەن.
ھەر گۇناھ پىرى خەتەرشەرمەندە يۈزى قاراسەن،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

قولىدا تەسۋى (كۆرۈنۈشى تەقۋادار)، لېكىن ماھىيىتىدە تەمەنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان، سۆز ۋە ھەرىكىتى يالغان سۆزلەش بىلەن ئادەم ئالداشنى مەقسەت قىلغان سوپىلار شائىر نەزىرىدە ئەرزىمەس بىر مەخلۇق. بۇنداق مەخلۇقلاردىن ئەلگە ئازار، ۋەتەنگە كۆلپەتتىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ. تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرسەكمۇ، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خەلقىمىز بېشىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەنلىكى كۆرىمىز. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى بۇزۇلۇۋاتقان ئەخلاقىي ھادىسىلەرنى كۆزەتكەندە رىياكار ئالدامچى سوپى ـ زاھىتلارنىڭ خەلقنى شىلىشتىكى تۈرلۈك ۋاسىتىلىرىنى ئايىماي سۆكىدۇ. خەلقنى ئالداپ توپلىغان مال ـ مۈلكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، لاپ ئۇرۇپ جان باقىدىغان پەسكەش تەبىئىتىنى تولۇق ئېچىپ تاشلايدۇ:

سوفى بولماي نەيلەسۈن ئۆيدە قىلۇرغە ئىشى يوق،
دەئۋايى سوفى قىلۇر خەلقىغە بېرۈرگە ئاشى يوق.
ئاھ ـ ۋاھ دەرلەر يەنە كۆزىدە قەترە ياشى يوق،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلى ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

خەلققە نەپ بېرش، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش شائىر نەزىرىدە ئەڭ ئالىي ھىممەت. سوپىلار ئۆزىنى سوپىي دەپ ئاتىۋالغان بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلى زادى نېمە؟ ئاغزىدىكى دەرد ـ پىراق پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگىمۇ ـ قانداق؟ ئۇ خەلق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغانمۇ- قانداق؟ شائىر مۇشۇ نوقتىلارغىچە دىققەت قىلغان ئىكەن، ئاشۇ خىلدىكى سوپىلارنى:

دانەئى تەسبىھ ئالىپ ئەلنى كۆزگە سوفى سەن،
نەفس بەدلەر ئالدىدا تەرسا جۇھۇدلار توپى سەن.

دەپ تىللايدۇ. شائىرنىڭ سوپىلار ھەققىدىكى بۇ خىل ئەمەلىي قاراشلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە شائىر نەۋائىي ۋە شائىر زەلىلى ئىجادىيىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. نەۋائىي ئىجادىيەت تېمىلىرى بايراق قىلىنغان 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېماتىكىسىدا بولسۇن ياكى شائىر زەلىلىنىڭ رېئالىزملىق ئېلېمېنتلار بىلەن تويۇنغان ئىجادىيەت تېمىلىرىدا بولسۇن رىياكار سوپى ـ زاھىتلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىش شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە چېچەك ئاچقان مۇشۇ خىل كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇشتىن مۇستەسنا ئەمەس.

ھەزرىتى نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا رىياكار سوپى ـ ئىشانلار ھەققىدە توختىلىپ:

شەيخ رىيائى، رەنالىقتا جىلۋىسى سۈنئىي، قاچىسىغا ئالتۇن بېرىلگەن ھەل، تاشقى كۆرۈنۈشى خۇش، ئەمما، ئىچىدە ناخۇشلۇق ۋە غەلدە ـ غەش، تاشقى كۆرۈنۈشى دەرۋىشكە ئوخشىغان، ئەمما

ماھىيىتى پۈتۈنلەي خەلققە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان. ئۆزىنى كۆرسەتمەك بولىدۇ ئازادە، ئەمما، ئۆزى بەندىنىڭ ئىچىدە. ئۇنىڭ كارامەتلىرى پۈتۈنلەي خەلقنى ئالداش. بېشىدىكى بىر تال مويىدا بىر بۇزۇق خىيال بار. سەللىسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئالامىتى بار. كىيىملىرىدىكى ياماقلار كىيىمنى رەڭدار قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يامالغان. ئۇنىڭ يەكتىكى پەردىسىدۇر ئۇنىڭ سەتلىكىنى ياپىدىغان. ئۇنىڭ رەختىنى رىيانىڭ چاقىدا ئېگىرىپ توقۇغان. بۇنىڭ مىسۋېكى بىلەيدۇ تەمەخورلۇقنىڭ چىشىنى. چەندازىسىدا ساقال تارغىقى نىھان. ئۆزىنى خەلققە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر ئېشەك مونچىقىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىپ تۇرۇشى ۋە ئۇزاق ناماز ئوقۇشىدىكى غەرىزى. دەسمايىسى سەللە يۆگىگەن كۆلاسى. تۇلكە قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ سەللىسىنىڭ ئۇزۇن ساڭگىلاتقان چۇچۇسى. ئۇنىڭ بىۋاخ، سەت، سوغۇق توۋلاشلىرى بىمەھەل قىچقارغان توخۇنى ئەسلىتىدۇ. مەستلەر ئۆز بەزمىسىدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقاندەك ھېكمەتنى ھالال بىلەن ئوقۇيدۇ. سۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ھىيلە ئارىلاشقان، ھەرىكەتلىرىگە پۈتۈنلەي غەرەز ئارىلاشقان. قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. ئۇنىڭ ساماسى ئۇسسۇل ئەمەس. سۈرىتىنى قانچە خىل قىلسۇن، ھەممە قىلىقى مەنىسىز. بۇ ئىپلاس زات ئۆزىنى ياساپ، جابدۇپ پاك كىشىلەردەك كۆرۈنمەك بولىدۇ. ۋاي - ۋۇي نېمىدېگەن ئۇياتچانلىق بۇ؟! يەنە كېلىپ بۇ ناباپلارنىڭ ئۆزىگە لايىق مۇرىتلىرى بولۇپ، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ئۇ، بارلىق تەدبىرى بىلەن بۇ ئويۇننى ئويناپ، بەزىلەرنى قورقۇتىدۇ. ئۇنىڭ قىلىقلىرى شەيتاننى ھەيران قالدۇرىدۇ، دىۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ دەپ ئېيىلىسە، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ

يىرىك ۋەكىلى مۇھەممەت سىدىق زەلىلى 137 - غەزىلىدە:

قەدرى تاجى مەئرىپەت بىلمەسمىكىن زاھىد ئېلى،
خاتىرىي خۇشدۇر ھەمىشە جۇببەۋۇ دەستارىدىن.

(سوپى - زاھىتلار مەئرىپەت تاجىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەن، ئۇلار ھەمىشە تون - سەللە بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ) دەپ يازسا يەنە بىر غەزىلىدە:

ئەربەئىن ئۆلتۇردى بولغايكىم رىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس نىيازى بولماسا.

(شەيخلەر رىياكارلىق بىلەن قىرىق كۈن ئىبادەتتە ئولتۇرسىمۇ، نىياز - سەدىقىسى بولمىسا، ھەرگىز قول ئېچىپ دۇئا قىلمايدۇ) دەپ يازىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ساختا سوپىلار ھەققىدىكى قاراشلىرى شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ سوپىلار ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن بىردەك.

بۇ نۇقتىدا شائىر گەرچە ئۆزى ئاتاقلىق سوپىزم ۋەكىلى بولسىمۇ، لېكىن سوپىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان رەزىل ۋاستىلىرىنى قامچىلاشتا دادىل ھەرىكەت قىلغان. بۇ بىر تەرەپتىن قارىغاندا شائىرنىڭ ئەينى دەۋر جاھىلىيەت كۈچلىرى تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن مەنسۇر ھەللاجى يولىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىشىمۇ يەنىلا شائىرنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا بىر قەدەر ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولىدىغان

دېموكـــراتىك ئىلغـــار ئىدىيـــە ۋە خـــەلقچىللىق روھ روھىيـــەت دۇنياسـىدا يىلتىـز تارتقـان شـائىر دەپ ئاتاشـقا مـەلۇم جەھـەتتىن ئاساس يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

ــــ ئوغلۇم، سوپىزم ئـەدەبىياتى ئوتتـۇرا ئاسـىيا خـەلقلىرى ئارىسىغا سوپىزم ئىدىيىۋى خاھىشـىنىڭ يامراپ كېلىشى بىلـەن تەڭ باشلانغان. ئېنگېلس «گېرمانىيىدە دېهقانلار ئۇرۇشى» دېگەن كىتـابىدا «فېئودالىزمغـا قارشـى ئىنقىلابىـي ئۆكتىچىلـەر پۈتۈن ئوتتـۇرا ئەسـىر داۋامىـدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. شـارائىتنىڭ بىردەك بولمىغانلىقى تۈپەيلى ئۇ بەزىدە سوپىزم شـەكلىدە، بەزىدە ئاشكارا دەھرىيلىك شەكلىدە، بەزىدە قوراللىـق ئىسيان شـەكلىدە ئىپـــادىلەندى» دەپ يازغـــان ئىـــدى. ئېنگېلســـنىڭ سۆزىگـــە ئاساســـلانغاندا ئىلغـــار خاھىشـــتىكى سوفىســـتىك كۈچلـــەر ۋە ئـــەدەبىياتنى ۋاســـتە قىلغـــان ئىلغـــار خاھىشـــتىكى سوپـــىزم ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ يۇز بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋر خـاراكتېرلىك ئـالاھىدىلىكى يـەنىلا ئىنسـاننى ئۇلۇغـلاش، فېئودالـىزمنىڭ ئىنسـاننى ئايـاغ ئاسـتى قىلغانلىقىغـا نـارازى بولۇش، فېئودال كۈچلەرنىڭ ھاكىمىيتلەقلىق زوراۋانلىقىغا چەك قويۇشـنى ئـۆز مەقسـىتىدىن يىراقلاشـتۇرمىغان. شـائىر ئەھمـەد يەسسەۋى مانا مۇشۇ مەقسەتنى ئۆز ئىجادىيىتىدىكى ئاكتۇئال بىر تېمـا دەپ قـاراپ، ئەسـتايىدىل مۇئامىلـە قىلغـان. مانـا مۇشـۇ مەقســەتنى چىقىــش قىلغــان ھــالدا زامانىســىدىكى روھــانىي كۈچلــەردىن پــەرقلىق ھــالدا ئىجادىيــەت بىلــەن شــۇغۇللىنىپ، فــېئودال روھــانىيلارنىڭ ئەشــەددىي دۈشــمىنى بولغــان بايــەزدى، مەنسۇر ھەللاجى قاتارلىق ئىلغار خاھىشتىكى سوفىستىك كۈچلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشنى كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن خالىدى.

www.uyghurkitap.com

شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئىجادىيىتىدە زامانىسىدا ئېزىلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ تەقدىرىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىشنىڭ ئاكتىپ چارىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ئىچ ئاغرىتتى. فېئودال زالىم كۈچلەر ئۈستىدىن ھەقلىق يوسۇندا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چىرىك ئەخلاقىي دۇنياسىنى مەلۇم تەرەپتىن بولسىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلىدى. روھانىي كۈچلەرنىڭ ئالدامچىلىق، ھىيلىگەر، نەيرەڭۋاز خۇسۇسىيىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ، روھانىيلارنىڭ خەلقنى شىلىشتىكى رەزىل ئۇسۇلىنى دادىللىق بىلەن ماھىيەتلىك ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ھال ئەينى دەۋر ئۇچۇن ئېيتقاندا يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئىپادىسى. بۇ تەرەپنى دىنىي يېپىنچا ئىچىدىن كۆرمەيلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ قارىقويۇقلا بىر تاياقتا ھەيدەش ئېنگېلسنىڭ فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ قانداق شەكىلدە بولالىشى مۇمكىنلىكى بولغانلىقى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى چۈشەنمەسلىك بىلەن باراۋەر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە شائىر ئىجادىيىتىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تەرەپ، تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكتە كۆرۈلىدۇ. شائىر مەيلى ئۆز ئىدىيىسىنى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىتىش مەقسىتىدە بولسۇن ياكى ئەرەب - پارس تىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تۈردە ئومۇملىشىۋاتقان ئاشۇ دەۋردە، ساپ بولغان جانلىق خەلق تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، بۇ تىلنىڭ خارەزم تەرەپلەردە كەڭ تۈردە ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە كېيىنكى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن،

بەلكى ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئەينى دەۋردىكى ساپ بولغان خەلق تىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىككە ئىگە جانلىق ئۆلگىسىنى خاتىرە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، شېئىرىي ئىجادىيەتتە يەڭگىل ۋەزىن، پىكىرلەرنىڭ ئويناق، راۋان، شوخ بولۇشتىن ئىبارەت ئاددىي شەكلى بىلەن شېئىرىيەتتە يېڭىچە بىر ئۇسلۇب بەرپا قىلدى. يۇقىرىقى نۇقتىلار شائىر ئىدىيىسىدىكى ئىلغار خاھىش بىلەن قوشۇلۇپ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى بەلگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويىدى.

دەرۋەقە، سوپىزمنىڭ تەشۋىقات ئىدىيىسى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەئىشەتتىن قول ئۈزۈپ ئۇ دۇنيالىقنى ئىزدەش، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئەمەللەرنى بېجىرىشتىن ئىبارەت. بۇ، ئومۇمىي تەرەققىيات ئېڭىغا زور دەخلى يەتكۈزىدىغان، تەرەققىياتنى بوغۇپ، ئىنسان مەنىۋىيىتىنى چۈشەكلەيدىغان پاسسىپ تەرەپ. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئىدىيىسىدە بۇ تەرەپمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئالغان. شائىر ئۆز ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئۇ دۇنيا چۈشەنچىسىنى تولۇق سىڭدۈرۈپ تەركىدۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ دۇنيا مەئىشىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، رېئال دۇنيا مەئىشەتلىرىنى چەتكە قاققان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا نوقۇل سوفىستىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل خەلقنى ئۆز قۇلىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا قولىدىن كېلىدىغان ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان روھانىي كۈچلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ئىنسانىي مېھىر -

مۇھەببەت ۋە خەلق يولىدىكى پىداكارلىق، خالىس ياردەم، ياخشى ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەت ئۇ دۇنيا راھىتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىك ئىدىيىسىدىن قىلچە تايمىغان ئاساستا ئۆز پىكرىنى يۇرۇشتۇرىدۇ ۋە مۇشۇ يول بويىچە ئۆز ئىدىيىسىنى قاناتلاندۇرىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ «جەننەت ۋە دوزاخ» دىئالوگى ئاساسىدىكى شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلاردا روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يۇقىرىقىلار مىنىڭ شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ھايات پائالىيىتى ۋە شېئىرىيىتىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ھەققىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىم.

بۇلارنى مەن پەقەت سىنىڭ پايدىلىنىشىڭ ئۇچۇن سۆزلەپ بەردىم. قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقىڭ بۇ سىنىڭ شائىرغا بولغان چۈشىنىشىڭ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ساڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىمدە سەۋەنلىك، پىكىردە چولتىلىق بولۇشى تەبىئىي. كەسىپداشلارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ سەمىمىي ياردىمى ۋە تەنقىدىي كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا تولۇقلاپ كېتەرسەن!

ئەزىمەت ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىغا ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلدى ۋە:

— كۆيۈمچان دادا، كېچىدىن بېرى شائىرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە شېئىرلىرىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى مىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئادەم بولۇش ھەققىدىكى يۈزەكى چۈشەنچىلىرىمنى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلدى. مەن بۇ زاتنى يەنە قايتىدىن تەتقىق قىلىپ باقاي دەيمەن. مىنىڭ ئەقىل كۆزۈمنى ئېچىپ قويغانلىقلىرىغا يۈز مىڭ رەھمەت!

— ساڭىمۇ كۆپ رەھمەت، ئوغلۇم! كېچىدىن بېرى

سۆزلىگەنلىرىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدىڭ. ھاياتقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئاز - تولا بولسىمۇ ھېس قىلدىڭ. بۇلار كېيىنكى ئۆمرۈڭ ئۈچۈن ماياك بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئەلەم ئوغلىغا شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا خورازنىڭ زىل، سوزۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەلەم سىرتقا قاراپ ماڭدى.

2008 - يىل ماي، قەشقەر

ستاتا كۆرسەتكۈچ:

(1) «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»1 - توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى.

(2) «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 14 - سان 97 - بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

(1) «بۇلاق» ژۇرنىلى 16 - ۋە 20 - سانلىرى.

(2) شەرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى.

ماقالىدىكى شېئىرلار «بۇلاق»نىڭ ئومۇمىي 14 - 16 - ساندىن ئېلىندى.